ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ماتېماتىكا دەرسلىك

# ماتېماتىكا

8 ـ قىسىم

(بىر مەۋسۇملۇق ئوقۇشلۇق)




ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

ئۆسمۈرلەر ئۇچۇن ماتېماتىكا دەرسلىك

# ماتېماتىكا

8 ـ قىسىم

(بىر مەۋسۇملۇق ئوقۇشلۇق)

ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

ئونلۇق كەسىرلەرنى كۆپەيتىش ........................................2
ئونلۇق كەسىرلەرنى بۆلۈش ........................................15
ستاتىستىكا ........................................30
ئاددىي تەڭلىمىلەر ........................................37
كۆپ تەرەپلىكنىڭ يۈزى ........................................68

# ئونلۇق كەسىرلەرنى كۆپەيتىش

## ئونلۇق كەسىرلەرنى پۈتۈن سانغا كۆپەيتىش

1







ئۈچلىغۇچ 0.2 $ | خاتىرە دەپتەر 2.8 $ | قايچا 0.45 $

ھەسەن دۇكاندىن ئۈچ دانە خاتىرە دەپتەر سېتىۋالغان بولسا، جەمئىي قانچە دوللار خەجلەيدۇ؟

بۇ مەسىلىنى ئىككى خىل ئۇسۇل بىلەن ئىشلەش مۇمكىن:

**1**

$$\begin{array}{r} 2.8 \\ 2.8 \\ +\ 2.8 \\ \hline 8.4 \end{array}$$

**2**

$$\begin{array}{r} 2.8 \\ \times\ \ 3 \\ \hline 8.4 \end{array} \qquad \begin{array}{r} 28 \\ \times\ \ 3 \\ \hline 84 \end{array}$$

$2.8 \rightarrow 28$, $84 \rightarrow 8.4$

قايسى خىل ئۇسۇلنى تاللايسىز؟

ھەسەن دۇكاندىن 4 دانە قايچا سېتىۋېلىش ئۈچۈن، قانچە دوللار خەجلەيدۇ؟

$0.45 \times 4 =$ ＿＿＿＿ (دوللار)

100 ھەسسە چوڭايتىمىز

| | |
|---|---|
| $0.45 \times 4 = 1.80$ | $45 \times 4 = 180$ |

100 ھەسسە كىچىكلىتىمىز

ئەڭ ئاخىرىدىكى 0 نى تاشلىۋېتىمىز

جاۋابى: ھەسەن 1.8 دوللار خەجلەيدۇ.

سىز ئونلۇق كەسىرنى پۈتۈن سانغا كۆپەيتىشكە دائىر يەنە قانداق ئوخشاش بولمىغان سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئىشلىيەلەيسىز؟

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

تۆۋەندىكى ھېسابلارنى تىك شەكىلدە ئىشلەپ بېقىڭ:

(1)

$69 \times 5$　　$6.9 \times 5$　　$0.8 \times 7$　　$8 \times 7$

(2)

$6.8 \times 23$　　$14.14 \times 9$　　$0.251 \times 8$　　$10.5 \times 7$

# ئونلۇق كەسىرلەرنى ئونلۇق كەسىرگە كۆپەيتىش

## 2

**(1) تۆۋەندىكى ئونلۇق كەسىرنى قانداق ھېسابلاش كېرەك؟**

**3.4 × 0.6 = ______**

ئالدى بىلەن پۈتۈن سانلارنى كۆپەيتىش ئۇسۇلى بويىچە كۆپەيتمىنى ھېسابلىۋالىمىز.



$$\begin{array}{r} 34 \\ \times\quad 6 \\ \hline 204 \end{array}$$

$$\begin{array}{r} 3.4 \\ \times\ 0.6 \\ \hline 2.04 \end{array}$$

بىر خانىلىق ئونلۇق كەسىر 3.4

بىر خانىلىق ئونلۇق كەسىر 0.6

ئىككى خانىلىق ئونلۇق كەسىر 2.04

كۆپەيتكۈچلەردە ئونلۇق كەسىر چېكىتىدىن كېيىن جەمئىي قانچە خانا بولسا، كۆپەيتمىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن باشلاپ شۇنچە خانا ساناپ ئونلۇق كەسىر چېكىتىنى قويىمىز.

**(2)**

$$\begin{array}{r} 0.27 \\ \times\ 0.08 \\ \hline 0.0216 \end{array}$$

ئىككى خانىلىق ئونلۇق كەسىر 0.27

ئىككى خانىلىق ئونلۇق كەسىر 0.08

تۆت خانىلىق ئونلۇق كەسىر 0.0216



كۆپەيتىشتىن كېلىپ چىققان كۆپەيتمىنىڭ ئونلۇق كەسىر خانىسى يەتمىسە، ئونلۇق كەسىر چېكىتىنى قانداق قويۇش كېرەك؟



ئالدىغا 0 نى قويۇپ، ئاندىن ئونلۇق كەسىر چېكىتىنى قويۇش كېرەك.

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

تۆۋەندىكى ھېسابلارنى تىك شەكىلدە ھېسابلاڭ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| $2.6 \times 5.9$ | $0.15 \times 0.05$ | $6.9 \times 7.3$ | $0.28 \times 0.94$ |

3

مەرگەن قورالى SVD قەنناسىنىڭ ئوقىنىڭ دەسلەپكى تېزلىكى سېكۇنت / مېتىر 836 بولۇپ، 2.9 سېكۇنتتا قانچە مېتىر ئارىلىققا يېتىپ بارىدۇ؟

$836 \times 2.9 =$ ______ (مېتىر)




$$\begin{array}{r} 836 \\ \times\ 2.9 \\ \hline 7524 \\ 1672\ \ \\ \hline 2424.4 \end{array}$$



كۆپەيتكۈچلەرنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ كۆپەيتىپ
توغرا ياكى خاتالىقىنى تەكشۈرسەكمۇ ياكى
ھېسابلىغۇچتىن پايدىلىنىپ تەكشۈرسەكمۇ بولىدۇ.

جاۋابى: ______ مېتىر ئارىلىقتا يىتىپ بارىدۇ.

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

تۆۋەندىكى ھېسابلاشلار توغرىمۇ؟ توغرا بولمىغانلىرىنى تۈزىتىڭ.

$1.78 \times 5.09 = 90.6.02$ $\quad$ $10.5 \times 3.4 = 357$ $\quad$ $6.7 \times 4.3 = 2.881$

تۆۋەندىكى ئىككى ھېسابنىڭ ھېسابلاش ئۇسۇلىنى كۆرۈپ نىمنى ھېس قىلغانلىقىڭىزنى ساۋاقداشلىرىڭىزغا دەپ بېرىڭ ۋە ئونلۇق كەسىرلەرنى كۆپەيتكەندە نىمىگە دىققەت قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇرۇڭلار.

$$\begin{array}{r} 1.25 \\ \times \quad 1.2 \\ \hline 250 \\ 125\phantom{0} \\ \hline 1.500 \end{array} \qquad \begin{array}{r} 0.76 \\ \times \quad 500 \\ \hline 380.\not{0}\not{0} \end{array}$$

# كۆنۈكمە

**1. تۆۋەندىكى مىساللارنى تىك شەكىلدە ھېسابلاڭ:**

| | | | |
|---|---|---|---|
| $2.9 \times 0.4$ | $6.4 \times 83$ | $0.49 \times 16$ | $5.12 \times 3.1$ |
| $79 \times 0.46$ | $3.2 \times 900$ | $0.245 \times 500$ | $7.23 \times 0.01$ |

**2. بىرىنچى ئىستوندىكى كۆپەيتمىگە ئاساسەن، قالغان ئىستونلاردىكى كۆپەيتمىلەرنى يېزىپ چىقىڭ.**

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| كۆپەيگۈچى | 25 | 25 | 250 | 2.5 | 25 | 25 | 2.5 | 0.25 | 2.5 |
| كۆپەيتكۈچى | 390 | 39 | 39 | 39 | 3.9 | 0.39 | 0.39 | 0.39 | 3.9 |
| كۆپەيتمە | 9750 | | | | | | | | |

**3. تۆۋەندىكى كىتابلارنىڭ ئومۇمىي باھاسىنى ھېسابلاڭ.**

| دەرسلىك | يەككە باھاسى/ دوللار | 6 پارچە | 24 پارچە | 67 پارچە |
|---|---|---|---|---|
| تەپسىر | 12.6 | | | |
| ھەدىس | 3.4 | | | |
| ماتېماتىكا | 0.87 | | | |
| فىزىكا | 0.67 | | | |
| قامۇس | 31.59 | | | |
| خىمىيە | 3.24 | | | |

**4.** ئابدۇللاھ يامغۇر يېغىش ئالدىدا يىراقتا چاقماق چېقىلغانلىقىنى كۆردى، ئۇ 14 سېكۇنتتىن كېيىن گۈلدۈرماما ئاۋازىنى ئاڭلىغان بولسا، چاقماق چېقىلغان جاي ئابدۇللاھتىن قانچىلىك يىراقلىقتا؟ (گۈلدۈرماما ئاۋازى ھاۋادا ھەر سېكۇنتتا 0.34 كىلومېتىر تارقىلىدۇ.)

**5.** ◯ نىڭ ئىچىگە «>» ياكى «<» نى تولدۇرۇڭ.

| | | |
|---|---|---|
| 2.6 × 1.1 ◯ 2.6 | 1 × 0.98 ◯ 1 | 647 × 0.9 ◯ 647 |
| 0.7 × 3.45 ◯ 0.345 | 0.5 × 0.8 ◯ 0.04 | 25 × 0.2 ◯ 25 |
| 10 × 0.5 ◯ 0.5 | 8.9 × 2 ◯ 17 | 0.65 × 0.65 ◯ 0.0425 |

**6.** دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ بېلىق كۆك كىت بولۇپ، ئۇنىڭ ئېغىرلىقى 150 توننا، ئۇزۇنلۇقى 25.8 مېتىر. دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ دەرەخ شەمشادنىڭ ئېغىرلىقى كۆك كىتنىڭ 18.8 ھەسسىسىگە، ئېگىزلىكى كۆك كىتنىڭ تەن ئۇزۇنلۇقىنىڭ 3.3 ھەسسىسىگە تەڭ بولسا، بۇ شەمشادنىڭ ئېغىرلىقى قانچە توننا؟ ئېگىزلىكى قانچە مېتىر؟

**7.** بەھرىدىن 102 بەتلىك كىچىك كىتابتىن بىرنى باستۇردى. بۇنىڭ ھەربىر ۋارىقىغا 0.016 دوللار كەتكەن بولسا، ئۇ جەمئىي قانچە پۇل خەجلىگەن؟

**8.** مەلۇم بىر مەركەزنىڭ دېرىزىسىگە كەڭلىكى 0.8 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 1.2 مېتىر كېلىدىغان ئەينەك سېتىۋالماقچى بولۇپ، ئەينەكنىڭ ھەربىر كۋادرات مېتىرى 3.7 دوللار بولسا، بۇ ئەينەكنى سېتىۋېلىشقا قانچە پۇل كېتىدۇ؟

**9.** تۆۋەندىكى ھېسابلارنى تىك شەكىلدە ھېسابلاڭ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| $12.6 \times 56$ | $4.5 \times 63.2$ | $8.58 \times 1.4$ | $0.25 \times 1.3$ |
| $25.01 \times 8.6$ | $0.04 \times 2.52$ | $62.5 \times 3.6$ | $0.49 \times 100$ |

10. كۆپەيتمە بىلەن بىرىنچى كۆپەيتكۈچىنى بىردىن-بىردىن سېلىشتۇرۇڭ، نېمىنى بايقىدىڭىز؟

$6.5 \times$

- $0.6 =$
- $0.74 =$
- $0.9 =$
- $0.05 =$

$3.8 \times$

- $7 =$
- $3 =$
- $4.5 =$
- $2 =$

* بىر سان (0 دىن باشقا)نى 1 دىن چوڭ سانغا كۆپەيتكەندە، كۆپەيتمە ئەسلىدىكى ساندىن (      ) بولىدۇ.

* بىر سان (0 دىن باشقا)نى 1 دىن كىچىك سانغا كۆپەيتكەندە، كۆپەيتمە ئەسلىدىكى ساندىن (      ) بولىدۇ.

11*. تۆۋەندىكى ھېسابلاشلار توغرىمۇ؟ توغرا بولمىغانلىرىنى تۈزىتىڭ.

$10.67 \times 2.69 = 2870.23$ $\quad$ $94.002 \times 78.53 = 73819.7706$

$100.001 \times 99.99 = 999909.999$ $\quad$ $789 \times 321.456 = 317.277072$

$0.003 \times 0.008 = 24.000000$ $\quad$ $0.13 \times 13 = 100$ $\quad$ $1 \times 0.2 = 0.02$

$0.123 \times 53.350 = 6.56205$ $\quad$ $10.101 \times 0 = 1010.1$

## كۆپەيتمىنىڭ تەقرىبىي سانى

**4**

ئادەم بەدىنىدىكى پۇراش سېزىم ھۈجەيرىسىنىڭ سانى تەخمىنەن 0.0047 مىليارد بولۇپ، ئىتنىڭ پۇراش سېزىم ھۈجەيرىسىنىڭ سانى ئادەمنىڭ 45 ھەسسىسىگە تەڭ بولسا، ئىتنىڭ پۇراش سېزىم ھۈجەيرىسىنىڭ سانى تەخمىنەن قانچە مىليارد؟ (نەتىجىسىنى بىر خانىلىق ئونلۇق كەسىرگىچە ئېلىڭ.)

$$0.0047 \times 45 \approx 0.2$$

$$\begin{array}{r} 0.0047 \\ \times \quad 45 \\ \hline 235 \\ 188\phantom{0} \\ \hline 0.2115 \end{array}$$

5 > 1 بولغانلىقتىن 1، 1 ۋە 5 نى تاشلىۋېتىپ، بىر خانىلىق ئونلۇق كەسىرگىچە ئالساق 0.2 بولىدۇ.

جاۋابى: ئىتنىڭ پۇراش سېزىم ھۈجەيرىسىنىڭ سانى تەخمىنەن _____ مىليارد.

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى ھېسابلاڭ.

$0.7 \times 0.9$ (نەتىجىسىنى بىر خانىلىق ئونلۇق كەسىرگىچە ئېلىڭ)

$2.6 \times 0.84$ (نەتىجىسىنى ئىككى خانىلىق ئونلۇق كەسىرگىچە ئېلىڭ)

$6.74 \times 1.23$ (نەتىجىسىنى ئۈچ خانىلىق ئونلۇق كەسىرگىچە ئېلىڭ)

## ئارقىمۇئارقا كۆپەيتىش، كۆپەيتىش ۋە قوشۇش، كۆپەيتىش ۋە ئېلىش

**5**

12 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بىر ماشىنىنى سىرلىماقچى. ئەگەر ھەر 0.7 كۋادرات مېتىرغا 1.5 دوللار كەتسە، 10 دوللار يېتەمدۇ؟

$0.7 \times 1.5 \times 12$
$=1.05 \times 12$
$=12.6$ (دوللار)

10 دوللار يەتمەيدىكەن.



13 دوللار يېتەمدۇ؟

$0.7 \times 1.5 \times 12$
$=1.05 \times 12$
$=12.6$ (دوللار)



13 دوللار يېتىدۇ



بۇنداق ئىشلىسىمۇ بولىدىكەن:
$1.5 \times 12 \times 0.7$
$=18 \times 0.7$
$=12.6$ (دوللار)

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

تۆۋەندىكى مىساللارنى ھېسابلاڭ.

| | |
|---|---|
| $12.78 \times 3.5 - 15.69$ | $1.4 \times 9.6 + 0.41$ |
| $163.845 + 0.235 \times 75.2$ | $46.57 - 23.56 \times 0.47$ |

**6**

تۆۋەندە بېرىلگەن ھەربىر گۇرۇپپىدىكى ئىككى ئىپادىنى كۆزىتىڭ، ئۇلارنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ بىز ئىلگىرى ئۆگىنىپ ئۆتكەن كۆپەيتىشنىڭ قانۇنلىرى ئېسىڭىزگە كەلدىمۇ؟

| | | |
|---|---|---|
| $0.6 \times 4.8$ | ◯ | $4.8 \times 0.6$ |
| $(0.7 \times 0.8) \times 0.5$ | ◯ | $0.7 \times (0.8 \times 0.5)$ |
| $(3.6 + 5.2) \times 0.5$ | ◯ | $3.6 \times 0.5 + 5.2 \times 0.5$ |

تۆۋەندىكى ئىككى مىسال قايسى قانۇنغا ماس كېلىدۇ؟

**1**

$0.85 \times 401$
$= 0.85 \times (400 + 1)$
$= 0.85 \times 400 + 0.85 \times 1$
$=$ ____ $+$ ____
$=$ ____

**2**

$0.12 \times 0.78 \times 5$
$= 0.12 \times 5 \times 0.78$
$=$ ____ $\times$ ____
$=$ ____

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

تۆۋەندىكى مىساللارنى ئاددىي ئۇسۇلدا ھېسابلاڭ:

| | | |
|---|---|---|
| $0.6 \times 0.39 \times 5$ | $104 \times 0.54$ | $7.5 \times 7.9 \times 0.4$ |
| $608 \times 0.24$ | $0.034 \times 0.5 \times 0.6$ | $102 \times 0.45$ |

# كۆنۈكمە

1. تۆۋەندىكى مىساللارنى ئاددىي ئۇسۇلدا ھېسابلاڭ:

| | | |
|---|---|---|
| $2.4 \times 0.32$ | $5.88 \times 0.8 \times 0.5$ | $0.2 \times 0.42 \times 0.5$ |
| $0.8 \times 1.8$ | $10.02 \times 0.1$ | $4.8 \times 0.25$ |
| $500.3 \times 2.9$ | $4.3 \times 0.57 + 5.6 \times 0.57$ | $(1.2 + 4.6) \times 5$ |

2. دۇنيادىكى ئەڭ دەسلەپكى كومپيۇتېر ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئېغىرلىقى 6 دانە 5.78 توننىلىق پىلنىڭ ئېغىرلىقىغا توغرا كېلەتتى. ئۇنداقتا بۇ كومپيۇتېرنىڭ ئېغىرلىقى قانچىلىك ئىدى؟ (نەتىجىنى بىر خانىلىق ئونلۇق كەسىرگىچە ئېلىڭ.)



ئادەتتىكى  نىڭ ئېغىرلىقى 2.5 كىلوگرام.

3. بىر گېكتار قارىغاي ئورمانلىقى كۈنىگە 29.89 كىلوگرام باكتېرىئوتسىدىن ئاجرىتىپ چىقارسا، 36.4 گېكتار قارىغاي ئورمانلىقى 32 كۈندە قانچە كىلوگرام باكتېرىئوتسىدىن ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ؟



**4.** تاھىر ئاكا ئۆيدىن بازارغا موتسىكلىت بىلەن 0.14 سائەت ماڭغان بولۇپ، موتسىكلىتنىڭ تېزلىكى سائەت / كىلومېتىر 45 بولسا، ئۇنىڭ ئۆيىدىن بازارغىچە بولغان ئارىلىق قانچە كىلومېتىر؟ ئەگەر ئۇ سائىتىگە 5.6 كىلومېتىردىن پىيادە ماڭسا، 0.98 سائەتتە بازارغا يېتىپ بارالامدۇ؟

**5.** كەۋسەر ئاكىنىڭ 80 دوللار پۇلى بار بولۇپ، ئۇ تۆۋەندىكى نەرسىلەردىن ئىككى تال لۆڭگە، ئۈچ تال پىچاق، تۆت جۈپ بولقا بىلەن كۈلۈچ، ئۈچ تال ئامبۇر ۋە ئىككى تال مېتىر سىتىۋالماقچى بولسا، پۇلى يېتەمدۇ؟



12.5 $    1.8 $    8.6 $    0.7 $    1.4 $

**6.** تۆۋەندىكى ھېسابلاشلار توغرىمۇ؟ توغرا بولمىغانلىرىنى تۈزىتىڭ.

| | | |
|---|---|---|
| $8.6 \times 0.03 + 0.07 \times 0.03$ | $45.7 \times 2.9 - 0.9$ | $6.27 \times 0.83 - 5.2$ |
| $= 8.6 \times (0.03 + 0.07)$ | $= 45.7 \times 2$ | $= 5.2041 - 5.2$ |
| $= 0.86$ | $= 91.4$ | $= 0.41$ |

**7.** 43 قەۋەتلىك بىر بىنا بولۇپ، ھەربىر قەۋەتنىڭ ئېگىزلىكى 2.76 مېتىر بولسا، بۇ بىنانىڭ ئېگىزلىكى قانچە مېتىر؟ (نەتىجىنى پۈتۈن سانغىچە ئېلىڭ.)

**8*.** $81 \times 74 = 5994$ كە ئاساسەن، تۆۋەندىكى (    ) لارنىڭ ئىچىگە مۇۋاپىق سان تولدۇرۇڭ. قانچە خىل تولدۇرۇش ئۇسۇلىنى ئويلاپ چىقالايسىز؟

| | | |
|---|---|---|
| $599.4 = (\quad) \times (\quad)$ | $0.5994 = (\quad) \times (\quad)$ | $59.94 = (\quad) \times (\quad)$ |
| $= (\quad) \times (\quad)$ | $= (\quad) \times (\quad)$ | $= (\quad) \times (\quad)$ |

# ئونلۇق كەسىرلەرنى بۆلۈش

## ئونلۇق كەسىرلەرنى پۈتۈن سانغا بۆلۈش

**1**

ئابدۇراھمان ھەركۈنى ئەتىگىنى يۈگۈرۈشنى نىيەت قىلىپ، 6 ھەپتىدە 49.8 كىلومېتىر يۈگۈرمەكچى بولسا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ھەپتىدە قانچە كىلومېتىر يۈگۈرۈشى كېرەك؟

$49.8 \div 6 =$ _____ (كىلومېتىر)



49.8 كىلومېتىر = 49800 مېتىر  49800 ÷ 6 = 8300 مېتىر

8300 مېتىر = 8.3 كىلومېتىر

بۆلۈنمىنىڭ ئونلۇق كەسىر چېكىتى بىلەن بۆلۈنگۈچىنىڭ ئونلۇق كەسىر چېكىتىنى ئۇدۇل كەلتۈرۈش كېرەك.




جاۋابى: ئابدۇراھمان ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ھەپتىدە _____ كىلومېتىر يۈگۈرۈشى كېرەك.

2

ئابدۇللاھ ھەر ھەپتىدە 6.3 كىلومېتىر يۈگۈرۈشنى پىلانلىغان بولسا، ئۇ كۈنىگە قانچە كىلومېتىر يۈگۈرىدۇ؟

$6.3 \div 7 =$ ______ (كىلومېتىر)




3

(1) ئارمان ھەر كۈنى 15 مىنۇتتا 2.7 كىلومېتىر يۈگۈرۈشنى داۋاملاشتۇرسا، مىنۇتىغا قانچە كىلومېتىر يۈگۈرىدۇ؟

$2.7 \div 15 =$ ______ (مىنۇت/كىلومېتىر)




يۇقىرىدىكى ئونلۇق كەسىرنى بۆلۈشنى قانداق تەكشۈرۈش كېرەك؟ ئۆزىڭىز سىناپ بېقىڭ.

(2) ئارمان ھەر كۈنى 20 مىنۇتتا 3 كىلومېتىر يۈگۈرۈشنى داۋاملاشتۇرسا، مىنۇتىغا قانچە كىلومېتىر يۈگۈرىدۇ؟

$3 \div 20 =$ ______ (مىنۇت/كىلومېتىر)







جاۋابى: مىنۇتىغا ____ كىلومېتىر يۈگۈرىدۇ.

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

1. تىك شەكىلدە ھېسابلاڭ.

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 29.25 ÷ 9 | 3.168 ÷ 4 | 91.02 ÷ 6 | 18 ÷ 15 | 228 ÷ 24 |
| 19.2 ÷ 4 | 37.73 ÷ 7 | 32.5 ÷ 13 | 513.8 ÷ 14 | 46.4 ÷ 5 |

2. تۆۋەندىكى ھېسابلاشلار توغرىمۇ؟ خاتا بولسا توغرىلاڭ.



# كۆنۈكمە

1. ھېسابلاپ بېقىڭ، تولدۇرۇپ بېقىڭ.

| بۆلۈنگۈچى | 11.2 | 106.8 | 21.78 | 77.6 | 5.82 | 301.5 | 22.6 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بۆلگۈچى | 7 | 4 | 3 | 8 | 6 | 5 | 2 |
| بۆلۈنمە | | | | | | | |

2. ھېسابلاپ بېقىڭ، سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| 2914 ÷ 31 | 351 ÷ 13 | 56 ÷ 7 | 84 ÷ 4 |
| 291.4 ÷ 31 | 35.1 ÷ 13 | 5.6 ÷ 7 | 8.4 ÷ 4 |
| 29.14 ÷ 31 | 3.51 ÷ 13 | 0.56 ÷ 7 | 0.84 ÷ 4 |
| 2.914 ÷ 31 | 0.351 ÷ 13 | 0.056 ÷ 7 | 0.084 ÷ 4 |

3. تۆۋەندىكى مىساللارنى ھېسابلاڭ ھەمدە كۆپەيتىشتىن پايدىلىنىپ تەكشۈرۈڭ:

51.8 ÷ 14　　35.19 ÷ 17　　304.64 ÷ 32　　904.8 ÷ 12　　184 ÷ 16

4. ئۆمەر بىلەن ئىبراھىم دەم ئېلىش كۈنى تاغقا چىقتى. تاغ باغرىدىن تاغ چوققىسىغىچە بولغان پۈتۈن مۇساپە 14.4 كىلومېتىر بولۇپ، ئۇلار تاغقا چىققۇچە 3 سائەت، تاغدىن چۈشكىچە 2 سائەت سەرپ قىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ تاغقا چىقىش ۋە تاغدىن چۈشۈش تېزلىكى ئايرىم - ئايرىم قانچە؟

5. تۆۋەندىكى قايسى مىسالنىڭ بۆلۈنمىسى 1 دىن كىچىك؟ (　　) نىڭ ئىچىگە «✓» نى قويۇڭ.

| 42.91 ÷ 7 | 13.68 ÷ 3 | 0.72 ÷ 12 | 11.6 ÷ 8 | 3.45 ÷ 5 |
|---|---|---|---|---|
| (　　) | (　　) | (　　) | (　　) | (　　) |

6. تىك شەكىلدە ھېسابلاڭ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| 119.85 ÷ 51 | 126.61 ÷ 11 | 35.7 ÷ 8 | 169.68 ÷ 12 |
| 271.6 ÷ 28 | 35.51 ÷ 53 | 15.05 ÷ 43 | 656.1 ÷ 81 |

## ئونلۇق كەسىرنى ئونلۇق كەسىرگە بۆلۈش

**4**

لوقمان 8.25 دوللارغا ئوق سېتىۋالغان. ھەربىر پاي ئوقنىڭ باھاسى 0.25 دوللار بولسا، لوقمان قانچە پاي ئوق سېتىۋالغان؟

8.25 ÷ 0.25 = ______ (پاي)




جاۋابى: لوقمان ____ پاي ئوق سېتىۋالغان.

**5**

19.6 ÷ 0.35 = ________

0.35 | 19.6

بۆلۈنگۈچىنىڭ خانا سانى يەتمىسە قانداق قىلىش كېرەك؟






بۆلۈنگۈچى بىلەن بۆلگۈچىنى ئوخشاش ھەسسە چوڭايتساق ياكى كىچىكلەتسەك بۆلۈنمىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىدە ئۆزگىرىش بولمايدۇ.

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

1. ئالدى بىلەن تۆۋەندىكى مىساللارنىڭ بۆلگۈچىسى بىلەن بۆلۈنگۈچىسىنى بىرلا ۋاقىتتا ئەسلىدىكىنىڭ قانچە ھەسسىسىگىچە چوڭايتىش، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر قاتار ھېسابلاش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ، ئاندىن ھېسابلاڭ.

$0.8\overline{)3.76}$ $0.07\overline{)18.41}$ $0.28\overline{)1.82}$ $2.3\overline{)131.1}$

2. تۆۋەندىكى ھېسابلاشلار توغرىمۇ؟ خاتا بولسا توغرىلاڭ.



## بۆلۈنمىنىڭ تەقرىبىي سانى

6

ئەمەلىي قوللىنىشلاردا، ئونلۇق كەسىرلەرنى بۆلۈشتىن كېلىپ چىققان بۆلۈنمىنى ئېھتىياجغا ئاساسەن «پۈتۈنلەش» ئۇسۇلى بويىچە بەلگىلىك ئونلۇق كەسىر خانىسىغىچە ئېلىپ، بۆلۈنمىنىڭ تەقرىبىي سانىنى تېپىشقا بولىدۇ.

$$143.26 \div 59 \approx \underline{\qquad\quad}$$

| پۈتۈن خانىلىق ئونلۇق كەسىرگىچە ئالساق | بىر خانىلىق ئونلۇق كەسىرگىچە ئالساق | ئىككى خانىلىق ئونلۇق كەسىرگىچە ئالساق | ئۈچ خانىلىق ئونلۇق كەسىرگىچە ئالساق |
|---|---|---|---|
| $143.26 \div 59 \approx 2$ | $143.26 \div 59 \approx 2.4$ | $143.26 \div 59 \approx 2.43$ | $143.26 \div 59 \approx 2.428$ |

### ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇڭ:

| | پۈتۈن سانغىچە | بىر خانىلىق ئونلۇق كەسىرگىچە | ئىككى خانىلىق ئونلۇق كەسىرگىچە | ئۈچ خانىلىق ئونلۇق كەسىرگىچە |
|---|---|---|---|---|
| 50÷13 | | | | |
| 35.64÷14 | | | | |
| 78.5÷16 | | | | |
| 1.29÷0.51 | | | | |
| 1.9÷0.27 | | | | |

## دەۋرىي ئونلۇق كەسىر

**7**

ئەلى55 سېكۇنتتا 300 مېتىر يۈگۈرگەن بولسا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن سېكۇنتتىغا قانچە مېتىر يۈگۈرگەن بولىدۇ؟

300 ÷ 55 = _____ (مېتىر)

```
       5. 4 5 4 5 4 5
55 | 3 0 0
     2 7 5
       2 5 0
       2 2 0
         3 0 0
         2 7 5
           2 5 0
           2 2 0
             3 0 0
             2 7 5
               2 5 0
               2 2 0
                 3 0 0
                 2 7 5
                   2 5
```

بۇ تىك شەكىللىك ئىپادىنى كۆزىتىڭ.





داۋاملىق بۆلسەك مەڭگۈ بۆلۈپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. بۆلۈنمىنىڭ ئونلۇق كەسىر قىسمىدا «45» تەكرار كۆرۈلىدۇ.

**دەۋرىي ئونلۇق كەسىر**

بىر سانىنىڭ ئونلۇق كەسىر قىسمىدىكى مەلۇم بىر خانىسىدىن باشلاپ، بىر رەقەم ياكى بىرقانچە رەقەم تەرتىپ بويىچە ئۈزلۈكسىز تەكرارلىنىدۇ.

مەسىلەن، 2.3333 بىلەن 5.45454545 نىڭ ھەر ئىككىلىسى دەۋرىي ئونلۇق كەسىردۇر. 2.3333 نى 2.3̇ قىلىپ، 5.454545 نى 5.4̇5̇ قىلىپ يېزىشقىمۇ بولىدۇ.

مەسىلەن، 2.3333 نىڭ دەۋرىيلىك ھالقىسى 3 بولىدۇ. 0.92857142857 نىڭ 1428571 دەۋرىيلىك ھالقىسى 285714 بولىدۇ.

**دەۋرىي ھالقىسى**

تەرتىپ بويىچە ئۈزلۈكسىز تەكرارلىنىدىغان بىر ياكى بىر قانچە رەقەم.

**چەكلىك ئونلۇق كەسىر**

ئونلۇق كەسىر قىسمىنىڭ خانا سانى چەكلىك بولىدۇ.

مەسىلەن، $14 \div 16 = 0.875$ دىكى 0.875 بولسا چەكلىك ئونلۇق كەسىردۇر.

**چەكسىز ئونلۇق كەسىر**

ئونلۇق كەسىر قىسمىنىڭ خانا سانى چەكسىز بولىدۇ.

مەسىلەن، $13 \div 14 = 0.928571428571428571$ دىكى 0.928571428571428571 بولسا چەكسىز ئونلۇق كەسىردۇر.

## مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش

**8**

نىجاتنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر باقىقان 4 تۇياق سىيىرنىڭ ئۆتكەن ھەپتىدىكى سۈت چىقىرىش مىقدارى 302.4 كىلوگرام بولسا، ھەربىر تۇياق سىيىر بىر كۈندە قانچە كىلوگرام سۈت چىقىرىدۇ؟

**ئويلاپ بېقىڭ: ئاۋۋال نىمىنى ھېسابلاشقا بولىدۇ؟**

مەن ئاۋۋال بىر تۇياق سىيىرنىڭ بىر ھەپتىدىكى سۈت چىقىرىش مىقدارىنى ھېسابلاپ ئاندىن ...



مەن ئاۋۋال 4 تۇياق سىيىرنىڭ بىر كۈندىكى سۈت چىقىرىش مىقدارىنى ھېسابلاپ ئاندىن ... تاپىمەن.

______________________

______________________

302.4 ÷ 7 = 43.2 (كىلوگرام)

43.2 ÷ 4 = 10.8 (كىلوگرام)

جاۋابى: ھەربىر تۇياق سىيىر بىر كۈندە ______ كىلوگرام سۈت چىقىرىدۇ.

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

ئابدۇلئەزىزنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئالدىنقى ئايدىكى سۇ ئىشلىتىش مىقدارى 4.55 توننا بولۇپ، ھەربىر توننا سۇنىڭ باھاسى 0.35 دوللار. ئابدۇلئەزىزنىڭ ئائىلىسىدە 4 ئادەم بولسا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر ئادەم قانچە دوللار سۇ پۇلى تۆلەيدۇ؟

ئاۋۋال جەمئىي قانچە دوللار تۆلەيدىغانلىقىنى ھېسابلىۋېلىشقا بولىدۇ.



ياكى ئاۋۋال ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر ئادەم قانچىلىك سۇ ئىشلىتىدىغانلىقىنى ھېسابلىۋېلىشقىمۇ بولىدۇ.



## 9



(1) ھەمدۇللاھ 2.5 كىلوگرام سۇنى بىر قانچە ئەينەك بوتۇلكىغا قاچىلىماقچى، ئەگەر ھەربىر بوتۇلكىغا ئەڭ كۆپ بولغاندا 0.4 كىلوگرام قاچىلاشقا بولسا، ئۇنداقتا ئۇ قانچە بوتۇلكا تەييارلىشى كېرەك؟

$$2.5 \div 0.4 = 6.25 \text{ (دانە)}$$

6 ≈ 6.25، شۇڭا 6 بوتۇلكىغا قاچىلاشقا بولىدۇ.



ياق، 6 بوتۇلكىغا پەقەت 2.4 كىلوگرام سۇ قاچىلاشقا بولىدۇ، شۇڭا 7 بوتۇلكا تەييارلاش كېرەك.



(2) ھەسەن 36 مېتىر ئۈزۈنلۈكتىكى لېنتا بىلەن سوۋغات قۇتىسىنى ئورىماقچى. ھەربىر سوۋغات قۇتىسىغا 1.3 مېتىر ئۈزۈنلۈكتىكى لېنتا كەتسە، بۇ لېنتا بىلەن قانچە سوۋغات قۇتىسىنى ئوراشقا بولىدۇ؟

$$36 \div 1.3 = 27.692\ldots \text{ (دانە)}$$

ئويلاپ بېقىڭ: 28 دانە سوۋغات قۇتىسىنى ئوراشقا يېتەمدۇ؟

جاۋابى: بۇ لېنتا بىلەن ____ دانە سوۋغات قۇتىسىنى ئوراشقا بولىدۇ.

**ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلغاندا، ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن بۆلۈنمىنىڭ تەقرىبىي قىممىتىنى ئېلىش كېرەك.**

## كۆنۈكمە

1. تىك شەكىلدە ھېسابلاڭ.

$11.13 \div 21$　　$806.285 \div 4.7$　　$10.45 \div 0.95$

$159.6 \div 4.2$　　$10.72 \div 0.67$　　$51.68 \div 17$

$68.73 \div 7.9$　　$10.2 \div 0.2$　　$1.62 \div 0.03$　　$31.5 \div 7$

2. تۆۋەندىكى دەۋرىي ئونلۇق كەسىرلەرنىڭ تەقرىبىي قىممىتىنى تېپىڭ (ئۈچ خانىلىق ئونلۇق كەسىرگىچە ئېلىڭ):

$5.677777\ldots \approx$　　$8.744444\ldots \approx$　　$0.233333\ldots \approx$

$0.1\dot{7}\dot{2} \approx$　　$1.24\dot{7} \approx$　　$8.\dot{2}4\dot{1} \approx$　　$0.2\dot{5}\dot{8} \approx$

$0.\dot{8}569\dot{5} \approx$　　$0.88888\ldots \approx$　　$0.99999999\ldots \approx$

3. ھېسابلاڭ.

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 2070 | | 45 | | ____ |
| 207 | $\div$ | 4.5 | $=$ | ____ |
| 20.7 | | 0.45 | | ____ |
| 2.07 | | 0.045 | | ____ |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| | | 40 | | ____ |
| 230.4 | $\div$ | 4.0 | $=$ | ____ |
| | | 0.4 | | ____ |
| | | 0.04 | | ____ |

**.4** بىر پويىز 4.2 سائەتتە 406 كىلومېتىر مۇساپىنى بېسىپ بولغان بولسا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن سائەتتە قانچە كىلومېتىر يول ماڭغان؟ (ئىككى خانىلىق ئونلۇق كەسىرگىچە ئېلىڭ.)

**.5** تۆۋەندىكى جەدۋەلنى كىم ھەممىدىن تېز تولدۇرۇپ بولىدۇ؟

| بۆلۈنگۈچى | 624 | 624 | 6.24 | 62.4 | 0.624 |
|---|---|---|---|---|---|
| بۆلگۈچى | 13 | | 1.3 | | 0.13 |
| بۆلۈنمە | 48 | 4.8 | | 0.48 | |

**.6** تىك شەكىلدە ھېسابلاڭ.

24.8 ÷ 9

36.7 ÷ 1.2

6.7 ÷ 8

51.8 ÷ 2.4

61.1 ÷ 0.18

7.29 ÷ 0.9



قايسى مەسىلىنىڭ بۆلۈنمىسى دەۋرىي ئونلۇق كەسىر بولىدۇ؟

**.7** بىر يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 486 كىلومېتىر بولۇپ، بىر يولۇچىلار ئاپتوموبىلى 4.5 سائەتتە، بىر پىكاپ 3.6 سائەتتە پۈتۈن مۇساپىنى بېسىپ بولسا، پىكاپنىڭ تېزلىكى يولۇچىلار ئاپتوموبىلىنىڭكىدىن قانچىلىك تېز؟

**.8** بۇ ئونلۇق كەسىرلەرنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى سېلىشتۇرالامسىز؟

$7.2\dot{5}$ ○ $7.256$    $0.3\dot{9}$ ○ $0.\dot{3}\dot{9}$    $2.\dot{8}\dot{7}$ ○ $2.877$    $0.55$ ○ $0.\dot{5}$

**.9** تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى ھېسابلاڭ:

$8.04 \times 3.7 + 0.252$    $3.36 \times 0.4 \div 0.48$

$(65.289 + 6.37 \times 0.7) \div 0.02$    $8.49 - 26.22 \div 5.7$

$2.82 \div 0.5 \div 1.2$    $0.08 \div 0.2 - 0.8 \times 0.45$

**.10** ھەيران ئۈزۈن مۇساپىگە ئەڭ تېز ئۇچىدىغان قۇش بولۇپ، بىر ھەيران 4 سائەتتە 680 كىلومېتىر ئۇچىدۇ. بىر كەپتەر سائىتىگە 76 كىلومېتىر ئۇچسا، ھەيراننىڭ ئۇچۇش تېزلىكى كەپتەرنىڭ ئۇچۇش تېزلىكىنىڭ تەخمىنەن قانچە ھەسسىسىگە تەڭ؟

**.11** مۇسئەب پۇل يىغىپ باھاسى 34 دوللار بولغان بىر يۈرۈش ئىككى قىسىملىق «قامۇس» سېتىۋالماقچى بولدى. ئۇ كىتابخانىغا بارغاندا ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن ئەرزان باھادا 31.4 دوللارغا ئېلىپ، ئاشقان پۇلغا خاتىرە دەپتەردىن تۆتنى سېتىۋالغان بولسا، بىر خاتىرە دەپتەر قانچە پۇل؟ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر قىسىم كىتاب قانچە پۇل؟ (ماتېماتىكىلىق مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇڭ ھەمدە قويغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىڭ.)

**.12*** ئاۋۋال قانۇنىيىتىنى تېپىپ، ئاندىن قانۇنىيىتى بويىچە بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭ.

(1) 6.25  2.5  1  _____  _____  0.064

(2) 7  3.5  1.75  _____  _____  0.21875

(3) $6 \times 7 = 42$  $6.6 \times 6.7 = 44.22$  $6.66 \times 66.7 =$ ______

$6.666 \times 666.7 =$ _____

**.13** جالالىدىن بۆلگۈچىسى 5.239 بولغان بىر ھېسابلاشنى ئىشلىگەندە، بۆلۈنمىنىڭ ئونلۇق كەسىر چېكىتىنى ئوڭغا ئىككى خانا ئارتۇق يۆتكىۋەتكەنلىكتىن ھېسابلاش نەتىجىدە 845 كېلىپ چىققان بولسا، بۇ مەسىلىنىڭ بۆلۈنگۈچىسى قانچە بولىدۇ؟

**.14** 3 دانە سۇ چېچىش ماشىنىسى 4 سائەتتە 3.6 گېكتار يەرگە سۇ چاچسا، 1 دانە سۇ چېچىش ماشىنىسى سائىتىگە قانچە گېكتار يەرگە سۇ چاچىدۇ؟



15. ئاۋۇت مۇئەللىم 100 دوللارغا يەككە باھاسى 15.8 دوللار بولغان تارىخىي كىتابتىن قانچىنى سېتىۋالالايدۇ؟

16. تۆۋەندىكى قۇتىغا قاچىلانغىنى تالقان بولۇپ، بىر ئىستاكان تالقان دەملەش ئۈچۈن 16 گىرام تالقان ۋە 9 گىرام چاقماق قەنت كەتسە، بۇ قۇتىدىكى تالقاننى دەملەپ بولۇشقا تەخمىنەن قانچە كىلوگرام چاقماق قەنت كېتىدۇ؟




17. باغۋەنلەر 870 كىلوگرام كېلىدىغان ئۈزۈمنى قەغەز يەشىككە قاچىلاپ يۆتكىمەكچى بولدى. ھەربىر قەغەز يەشىككە ئەڭ كۆپ بولغاندا 18 كىلوگرام قاچىلاشقا بولسا، قانچە دانە قەغەز يەشىك لازىم بولىدۇ؟



18. ئالىملار تەتقىقاتى، 10000 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئورمانلىقنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش پەسلىدىكى ھەر ھەپتىدە 6.3 توننا كاربون تۆت ئوكسىد سۈمۈردىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى ئورمان باغچىسىدا 60000 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بىر ئورمانلىق بار بولۇپ، 9- ئايدا بۇ ئورمانلىق جەمئىي قانچىلىك كاربون تۆت ئوكسىد سۈمۈرىدۇ؟



# ستاتىستىكا

1

## مەلۇم بىر جايىنىڭ بىر كۈنلۈك تېمپېراتۇرا ئۆزگىرىش جەدۋىلى

| ۋاقىت | 7:00 | 9:00 | 11:00 | 1:00 | 3:00 | 5:00 | 7:00 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تېمپېراتۇرا($C^0$) | 13 | 17 | 23 | 25 | 19 | 14 | 8 |






بۇ خىل دىئاگراممىنى سىزىقلىق دىئاگرامما دەپ ئاتىلىدۇ. سىز بۇ دىئاگراممىنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكى بارلىقىنى تەھلىل قىلىپ بېقىڭ.

دىئاگراممىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ:

(1) قانچە سائەتتە بىر قېتىم تېمپېراتۇرىنى ئۆلچىگەن؟

(2) سائەت قانچىدە تېمپېراتۇرا ھەممىدىن يۇقىرى؟ سائەت قانچىدە تېمپېراتۇرا ھەممىدىن تۆۋەن؟

(3) تېمپېراتۇرا قايسى ۋاقىت ئارىلىقىدا ھەممىدىن تېز يۇقىرى ئۆرلىگەن؟ قايسى ۋاقىت ئارىلىقىدا ھەممىدىن تېز تۆۋەنلىگەن



جەدۋەل بىلەن سۇنۇق سىزىقلىق دىئاگراما ئىككىسىنىڭ قايسىسىدا تېمپېراتۇرا ئۆزگىرىشىنى ياخشى بىلىۋالغىلى بولىدۇ؟

2

ئۆركەشنىڭ ئاپىسى ئۇنىڭ 0 ~ 10 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى بوي ئېگىزلىكىنى جەدۋەلگە خاتىرىلىگەن.

| يېشى | 0 | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بوي ئېگىزلىكى (cm) | 50 | 76 | 85 | 97 | 102 | 104 | 117 | 120 | 130 | 136 | 146 |

يۇقىرىقى جەدۋەلدىكى سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسەن، سۇنۇق سىزىقلىق دىئاگراممىنى تولۇقلاپ ھەمدە سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ.

(1) ئۆركەشنىڭ بويى قانچە ياشتىن قانچە ياشقىچە ئەڭ تېز ئۆسكەن؟ قانچە سانتىمېتىر ئۆسكەن؟

(2) ئۆركەش قانچە ياشقا كىرگەندە بوي ئېگىزلىكى 117 سانتىمېتىر بولغان؟

(3) ئۆركەش 6 يېرىم ياش ۋاقتىدا بوي ئېگىزلىكى تەخمىنەن قانچىلىك ئىدى؟

سىز يەنە قانداق سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويالايسىز؟



1




2

ئۆركەشنىڭ 0 ~ 10 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى
بوي ئېگىزلىك ئەھۋالىنىڭ دىئاگراممىسى





يۇقىرىدىكى ئىككى خىل سىزىلغان
دىئاگراممىنىڭ پەرقىنى تاپالىدىڭىزمۇ؟
ئىككى خىل سىزىش ئۇسۇلىدىن قايسىسى
بەكرەك ئېنىق ئىپادىلىنىپتۇ؟



يۇقىرىقى سۇنۇق سىزىقلىق دىئاگراممىنى تولۇقلاش
ئۈچۈن، ئالدى بىلەن نۇقتىلارنى بېكىتىپ، ئاندىن
سىزىق بىلەن تۇتاشتۇرۇش كېرەك.

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

**ئالىمجاننىڭ ھەربىر مىنۇتتىكى يۈرەك سوقۇشىدا قانداق ئۆزگىرىش بولغان؟**

ئالىمجاننىڭ ئارغامچا سەكرەشنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى يۈرەك
سوقۇش ئەھۋالىنىڭ دىئاگراممىسى



# ئۆنۆكمە

**1. دىئاگراممىغا قاراپ سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ.**

مەلۇم رايوننىڭ مەلۇم يىلدىكى ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا ئۆزگىرىش ئەھۋالىنىڭ دىئاگراممىسى




(1) قايىسى ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا ئەڭ يۇقىرى؟ قايىسى ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا ئەڭ تۆۋەن؟

(2) قايىسى ئىككى ئاي ئارىسىدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا ئۆرلىشى ئەڭ تېز؟ قايىسى ئىككى ئاي ئارىسىدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا تۆۋەنلىشى ئەڭ تېز؟

(3) ئايلار ئىچىدە ئەڭ سوغۇق ئاي قايىسى ئاي؟ ئەڭ ئىسسىق ئايچۇ؟ سىزچە قايىسى ئايدا ئەمگەك قىلسا ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

(4) يەنە قانداق ماتېماتىكىلىق سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويالايسىز؟ ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ بېقىڭ.

**2. تۆۋەندە بىر بىمارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرا خاتىرىسىنىڭ سۇنۇق سىزىقلىق دىئاگراممىسى بېرىلگەن:**




دىئاگراممىغا قاراپ تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ:

(1) دوختۇر بىمارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى قانچە سائەتتە بىر قېتىم ئۆلچىگەن؟

(2) بىمارنىڭ 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى سائەت 12 دىكى بەدەن تېمپېراتۇرىسى قانچە سېلسىيە گرادۇس؟

(3) بىمارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسى قايسى ۋاقىت بۆلىكىدە ئەڭ تېز تۆۋەنلىگەن؟ قايسى ۋاقىت بۆلىكىدە بىرقەدەر مۇقىم بولغان؟

(4) دىئاگراممىدىكى ئۈزۈك سىزىق نېمىنى ئىپادىلەيدۇ؟

(5) بەدەن تېمپېراتۇرىسىدىن قارىغاندا، بۇ بىمارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى ناچارلاشقانمۇ ياكى ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەنمۇ؟

(6) بۇ دىئاگراممىدىن سىز يەنە قانداق ئۇچۇرلارنى بىلىۋالالايسىز؟ بايقىغان مەسىلىلىرىڭىزنى ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن ئورتاقلىشىڭ.

**3.** مەلۇم ئېلېكتىر سايمانلىرى دۇكىنىنىڭ 1 ~ 12- ئايغىچە ھاۋا تەڭشىگۈچ سېتىش ئەھۋالى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە بېرىلدى. جەدۋەلدىكى سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسەن سۇنۇق سىزىقلىق دىئاگراممىسىنى سىزىڭ ھەمدە سانلىق مەلۇماتلارنى تەھلىل قىلىڭ.

| ئاي | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سانى | 125 | 136 | 130 | 170 | 200 | 330 | 550 | 600 | 470 | 305 | 190 | 143 |

**4.** تېرمومېتىردىن پايدىلىنىپ ئۆي سىرتىنىڭ بىر كۈنلۈك ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى ئۆلچەپ، تۆۋەندىكى ستاتىستىكىلىق جەدۋەلنى تاماملاڭ ھەمدە سۇنۇق سىزىقلىق دىئاگراممىسىنى سىزىڭ.

| ۋاقىت | 8:00 | 10:00 | 12:00 | 2:00 | 4:00 | 6:00 | 8:00 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تېمپېراتۇرا ($C^0$) | | | | | | | |

**5.** تۆۋەندىكى جەدۋەلدە مەلۇم كىتاب بېسىش دۇكىنىنىڭ كىتاب بېسىش ئەھۋالى بېرىلگەن، جەدۋەلگە ئاساسەن سۇنۇق سىزىقلىق دىئاگراممىسىنى سىزىڭ ۋە كۆز- قارىشىڭىزنى يېزىڭ.

| يىل / تۈرى | 2014 | 2015 | 2016 | 2017 | 2018 |
|---|---|---|---|---|---|
| ماتېماتىكا | 10 | 50 | 80 | 40 | 95 |
| تەپسىر | 35 | 20 | 50 | 30 | 50 |
| فىقھى | 25 | 12 | 20 | 7 | 60 |
| فىزىكا | 55 | 72 | 60 | 15 | 7 |

**6.** بىر ئىشنى تاللاپ، گۇرۇپپىدىكى ساۋاقداشلار بىلەن ھەمكارلىشىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىڭ ھەمدە سانلىق مەلۇماتلارنى توپلاڭ، ئاندىن سۇنۇق سىزىقلىق دىئاگراممىسىنى سىزىڭ.

# X ئاددىي تەڭلىمىلەر

## ھەرپ ئارقىلىق ساننى ئىپادىلەش

**1**

تۆۋەندىكى ھەربىر قۇردىكى سانلار قانۇنىيەتلىك تىزىلغان:




■ = ____ ▲ = ____




d = ____ k = ____

● + ● + ● = 21

● = ____

n × 8 = 40

n = ____

3 6 9 12 m 18 21 24

m = ____

**ماتېماتىكىدا دائىم ھەرپ ئارقىلىق سانلارنى ئىپادىلەيمىز.**

## 2

بىز بىر قىسىم ئەمەللەر قانۇنىنى ئۆگىنىپ ئۆتكەن، سىز ئۇلارنى ئىپادىلىيەلەمسىز؟

كۆپەيتىشنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇش قانۇنىدا، ئىككى كۆپەيتكۈچىنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرساق كۆپەيتمە ئۆزگەرمەيدۇ.

$a \times b = b \times a$



ھەرپ ئارقىلىق ئەمەللەر قانۇنىنى ئىپادىلىگەندە ئاددىي ۋە ئېنىق بولۇپ، ئەستە ساقلاشقا ئاسان ھەمدە قوللىنىشقا قۇلايلىق بولىدۇ.

ھەرپلەر ئارىسىدىكى كۆپەيتىش بەلگىسىنى «.» بىلەن ئىپادىلەشكە ھەم قالدۇرۇۋېتىشكىمۇ بولىدۇ.

$a \times b = b \times a$

بۇنى $a \cdot b = b \cdot a$ ياكى $ab = ba$ قىلىپ يېزىشقىمۇ بولىدۇ.

بىلىۋېلىڭ

يېزىشقا قۇلايلىق بولسۇن ئۈچۈن، كىشىلەر دائىم ھەرپ ئارقىلىق ئۆلچەم بىرلىكلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

| ئېغىرلىق بىرلىكلىرى | | يۈز بىرلىكلىرى | | ئۇزۇنلۇق بىرلىكلىرى | |
|---|---|---|---|---|---|
| توننا | t | كۋادرات كىلومېتىر | $km^2$ | كىلومېتىر | km |
| كىلوگرام | kg | كۋادرات مېتىر | $m^2$ | مېتىر | m |
| گرام | g | كۋادرات دېتسىمېتىر | $dm^2$ | دېتسىمېتىر | dm |
| | | كۋادرات سانتىمېتىر | $cm^2$ | سانتىمېتىر | cm |
| | | كۋادرات مىللىمېتىر | $mm^2$ | مىللىمېتىر | mm |

## 3

(1) بىر كۋادراتنىڭ يۈزى ۋە ئايلانما ئۇزۇنلۇقىنى ھەرپ بىلەن ئىپادىلەڭ.




يۈزىنى s بىلەن، ئايلانما ئۇزۇنلۇقىنى c بىلەن ئىپادىلەيمىز.



بۇنى مۇنداق يېزىشقا بولىدۇ:

**ئايلانما ئۇزۇنلۇقى**

$C = a \cdot 4$

$C = 4a$

كۆپەيتىش بەلگىسىنى تاشلىۋەتكەندە، ئادەتتە سان ھەرپىنىڭ ئالدىغا يېزىلىدۇ.

**يۈزى**

$S = a \cdot a$

$S = a^2$

ئوقۇلۇشى: a نىڭ كۋادراتى، يەنى 2 دانە a نى ئۆزئارا كۆپەيتىشنى ئىپادىلەيدۇ.

(2) تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 3 سانتىمېتىر بولغان كۋادراتنىڭ يۈزى بىلەن ئايلانما ئۇزۇنلۇقىنى ھېسابلاڭ.

$C = 4a$

= ________

= ________

$S = a^2$

$= 3 \times 3$

$= 9\ (cm^2)$

جاۋابى: بۇ كۋادراتنىڭ يۈزى $9\ cm^2$، ئايلانما ئۇزۇنلۇقى ____cm .

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

**1. تىك تۆتبۇلۇڭنىڭ يۈزى ۋە ئايلانما ئۇزۇنلۇقىنى ھەرپ ئارقىلىق ئىپادىلەڭ.**




S = ______________

C = ______________

**.2 بىر تىك تۆتبۇلۇڭنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6cm، كەڭلىكى 5cm بولسا، ئۇنىڭ يۈزى ۋە ئايلانما ئۇزۇنلۇقى قانچە ؟**

**4**

**(1) ئاپتوبۇستا ئەسلىدە x ئادەم بار ئىدى، ئۇنىڭدىن 5 ئادەم چۈشۈپ كەتسە، ئاپتوبۇستا يەنە قانچە ئادەم قالىدۇ؟**

مەن x ھەرپى ئارىلاشقان ئىپادىنى مۇنداق تۈزىمەن:
$x - 5$





نامەلۇم بولغان x ئەڭ ئاز بولغاندا قانچىنى ئىپادىلەيدۇ؟

(2) تۆگە قۇشنىڭ يۈگۈرۈش تېزلىكى 70 km /h بولسا،
ئۇ 2 سائەت يۈگۈرسە _____ كىلومېتىر يۈگۈرىدۇ.
ئۇ 3.5 سائەت يۈگۈرسە _____ كىلومېتىر يۈگۈرىدۇ.
ئۇ t سائەت يۈگۈرسە _____ كىلومېتىر يۈگۈرىدۇ.



$70 \times 2 = 140$ km

$70 \times 3.5 = 245$ km

$70 \times t$

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

1. نورمال ئادەمنىڭ ئۆلچەملىك بەدەن ئېغىرلىقى ئادەتتە تۆۋەندىكى ئىپادە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ:

105 - بوي ئېگىزلىكى = ئۆلچەملىك بەدەن ئېغىرلىقى

ھەربىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىپادىدىن پايدىلىنىپ نورمال ئادەمنىڭ ئۆلچەملىك بەدەن ئېغىرلىقىنى ئىپادىلەڭ.

2. بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭ.

(1) ئالمىدا 40 دوللار بار ئىدى، ئۇ b دوللارنى خەجلىسە، يېنىدا _____ دوللار قالىدۇ؟

(2) بىر تىك تۆتبۇلۇڭنىڭ ئۇزۇنلۇقى 71cm، كەڭلىكى a cm بولسا، يۈزى $cm^2$ _____.

(3) تىك تۆتبۇلۇڭ ئا نىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى ________.
تىك تۆتبۇلۇڭ ب نىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى ________.




## كۆنۈكمە

1. تۆۋەندىكى ئىپادىلەردىكى كۆپەيتىش بەلگىسىنى قالدۇرۇۋېتىپ يېزىپ بېقىڭ:

$b \times b$ $n \times m$ $f \times k$ $x \times 9$ $w \times c$ $10 \times a$

2. نەتىجىسى ئوخشاش بولغان ئىككى ئىپادىنى تۇتاشتۇرۇڭ.

| | | |
|---|---|---|
| $7 \times a$ | $5^2$ $8d$ | $q \times q$ |
| $y \times y$ | $2y$ $7^2$ | $7 \times 7$ |
| $2 \times y$ | $3.7^2$ $kp$ | $p \times k$ |
| $5 \times 5$ | $y^2$ $1.1^2$ | $8 \times d$ |
| $3.7 \times 3.7$ | $7a$ $q^2$ | $1.1 \times 1.1$ |

3. ئەمەللەر قانۇنىغا ئاساسەن □ نىڭ ئىچىگە مۇۋاپىق سان ياكى ھەرپ تولدۇرۇڭ.

$d + (8 + c) = (\square + \square) + \square$ $\qquad$ $5x + 6x = (\square + \square) \cdot \square$

$m \cdot n \cdot 9 = \square \cdot (\square \cdot \square)$ $\qquad$ $4 \cdot k \cdot p = \square \cdot \square \cdot \square$

4. تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنىڭ تەلىپى بويىچە ئىپادە تۈزۈڭ:

(1) ھەمىياندا n دوللار پۇل بار ئىدى، 8 دوللارنى خەجلىسە، ______ دوللار قالىدۇ.

(2) ھەربىر خالتىدا w تال بىلىق بولسا، 8 خالتىدا جەمئىي ______ تال بىلىق بار.

(3) h دانە ئەنجۈر بار، ھەربىر تەخسىگە 7 داندىن تىزساق، ____ تەخسە بولىدۇ.

(4) سىنىپتىكى 19 نەپەر ئوقۇغۇچىدىن k نەپەر ئوقۇغۇچى چىقىپ كەتسە، ____ نەپەر ئوقۇغۇچى قالىدۇ.

5. سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ.

(1) بىر كۈنى ئەتىگەندىكى تېمپېراتۇرا L سېلسىيە گرادۇس، چۈشتىكى تېمپېراتۇرا ئەتىگەندىكىدىن 7 سېلسىيە گرادۇس يۇقىرى بولسا، L + 7 نىمىنى ئىپادىلەيدۇ؟

(2) مەلۇم سىنىپتا جەمئىي 60 نەپەر ئوقۇغۇچى بار بولۇپ، بۇ سىنىپتىكى قارىلار C ـ 60 نەپەر بولسا، بۇ يەردىكى C نىمىنى ئىپادىلەيدۇ؟

(3) ئەھمەد 400 مېترلىق مەيداننى R قېتىم ئايلانغان بولسا، 400R نىمىنى ئىپادىلەيدۇ؟

(4) سۇھەيب ھەربىر مىنۇتتا U مېتىر يۈگۈرسە، 15U نىمىنى ئىپادىلەيدۇ؟

6. a ئارقىلىق تاۋارنىڭ يەككە باھاسىنى، x ئارقىلىق مىقدارىنى، b ئارقىلىق ئومۇمىي باھاسىنى ئىپادىلىسەك:
يەككە باھا × مىقدارى = ئومۇمىي باھا
مۇشۇنىڭغا ئاساسەن تۆۋەندىكىلەرنى يېزىڭ:




a = ____________

x = ____________

b = ____________

7.

(1) z بەتلىك بىر كىتاب بولۇپ، قەھرىمان كۈنىگە 12 بەتتىن t كۈن ئوقۇغان. ئىپادە ئارقىلىق تېخى كۆرۈپ بولالمىغان بەت سانىنى تېپىڭ.

(2) بۇ كىتاب 280 بەتلىك بولۇپ، قەھرىمان 4 كۈن ئوقۇغاندىن كېيىنكى ئوقۇپ بولالمىغان بەت سانىنى تېپىڭ.

8. يۈسۈپ ھەر كۈنى a پارچە، ئىبراھىم ھەر كۈنى b پارچە گېزىت تارقىتىدۇ.

(1) ئۇلار ھەر كۈنى جەمئىي _____ پارچە گېزىت تارقىتىدۇ، 29 كۈندە جەمئىي _______ پارچە گېزىت تارقىتىدۇ.

(2) a=60، b=80 بولغاندا، ئۇلارنىڭ 29 كۈندە تارقاتقان ئومۇمىي گېزىت سانىنى ھېسابلاڭ.

## ئاددىي تەڭلىمىلەرنى يېشىش

1








$100 + x > 200$




$100 + x = 250$



$100 + x < 300$

$100 + x = 250$ كە ئوخشاش مۇشۇنداق نامەلۇم سانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەڭلىك **تەڭلىمە** دەپ ئاتىلىدۇ.

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

تۆۋەندىكى قايسى ئىپادىلەر تەڭلىمە بولىدۇ؟

| | | | |
|---|---|---|---|
| $84 + 25 = 109$ | $x + 10 > 50$ | $y - 56$ | $8x + 78 = 941$ |
| $134 < 20 + 150$ | $7(b - 9) = 100$ | $500 - 500x = 0$ | |

**2**

كېلىڭلار، بىز تارازا ئارقىلىق ئويۇن ئويناپ باقايلى، تارازىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئوخشاش نەرسە قويساق ياكى ئۆنىڭدىن ئېلىۋەتسەك تارازىدا قانداق ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىڭ.



ئەگەر ھەر ئىككى تەرەپكە بىرلا ۋاقىتتا 2 دىن
ئىستاكان قويغاندا، تارازا يەنە تەڭپۇڭلۇقنى
ساقلامدۇ؟ ھەر ئىككى تەرەپكە ئوخشاش بولغان
قۇتىدىن بىردىن قويساقچۇ؟





ھەر ئىككى تەرەپتىن بىردىن خالتىنى
ئېلىۋەتكەندە، تارازا يەنە تەڭپۇڭ بولامدۇ؟



بىر بوتۇلكا ياغ بىلەن ________ خالتا
گۈرۈچنىڭ ئېغىرلىقى تەڭ.



ئەگەر تارازىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى نەرسىنىڭ
سانىنى ئايرىم ـ ئايرىم هالدا ئەسلىدىكىنىڭ 2
هەسسىسى، 3 هەسسىسى، 4 هەسسىسى ...
گىچە كۆپەيتسەك، تارازا يەنە تەڭپۇڭلۇقنى
ساقلامدۇ؟





هەر ئىككى تەرەپنى تەڭ ئىككى ئۇلۇشكە
بۆلۈشكە بولىدۇ.



**3**







$$100 + x = 250$$




تەڭلىمىنىڭ ئوڭ، سول تەرىپىنى تەڭ قىلىدىغان نامەلۇم سانىنىڭ قىممىتى ــــ تەڭلىمىنىڭ **يېشىمى** دەپ ئاتىلىدۇ. يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش x=150 بولسا 100+x=250 نىڭ يېشىمى بولىدۇ. تەڭلىمىنىڭ يېشىمىنى تېپىش جەريانى ــــ **تەڭلىمىنى يېشىش** دېيىلىدۇ.

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

$x = 9$ تەڭلىمە $5x = 45$ نىڭ يېشىمىمۇ؟ $x = 8$ چۇ؟

**4**

بىز ماتېماتىكىلىق ئويۇندىن ئېرىشكەن «تەڭلىمىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن بىرلا ۋاقىتتا ئوخشاش بىر ساننى ئېلىۋەتسەك ياكى قوشساق، ئوڭ ـ سول ئىككى تەرىپى يەنىلا تەڭ بولىدۇ» دېگەن قانۇنىيەتكە ئاساسەن تۆۋەندىكى ھېسابنى كۆزىتىڭ:



$x + 2 = 12$

تەڭلىمىنى يېشىش:

$x + 2 - 2 = 12 - 2$

$x = 10$

تەڭلىمىنى تەكشۈرۈش:

$x = 10 \longrightarrow x + 2 = 12 \longrightarrow 10 + 2 = 12$

دېمەك، x نىڭ قىممىتى 10.

تۆۋەندىكى تەڭلىمىنى تولۇقلىيالامسىز؟

$10 + x = 23$

تەڭلىمىنى يېشىش:

$y - 9 = 18$

تەڭلىمىنى يېشىش:

$y - 9 + 9 = 18$ ◯ ▭

$y =$ ▭

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

1. تەڭلىمە $x - 7.9 = 4.5$، $x - 78 = 65$ نى يېشىڭ.

2. رەسىمگە قاراپ ئىپادە تۈزۈڭ.










3. رەسىمگە قاراپ سوئالغا جاۋاب بېرىڭ.




(1) رەسىمدىكى قايسى ئۆزۈنلۈق (x - 300) مېتىر؟

(2) رەسىمدىكى قايسى ئۆزۈنلۈق (y + 300) مېتىر؟

(3) رەسىمگە ئاساسەن ئوخشىمىغان ئىككى تەڭلىمە يازالامسىز؟

**5**

تەڭلىمىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئوخشاش بىر ساننى كۆپەيتسەك (ياكى 0 بولمىغان ئوخشاش ساننى بۆلسەك)، تەڭلىمىدە ئۆزگىرىش بولامدۇ؟ ساۋاقداشلار ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ بېقىڭ.




$x = 5$ | $x \times 2 = 5 \times 2$ | $3x = 30$ | $3x \div 3 = 30 \div 3$




تەڭلىمە $4y = 2000$ نى يېشەيلى.

$4y = 2000$

تەڭلىمىنى يېشىش:

$4y \div 4 = 2000 \div 4$

$y = 500$

تەڭلىمىنى تەكشۈرۈش:

$4 \times 500 = 2000$

دېمەك:

$y = 500$






تۆۋەندىكى تەڭلىمىنى تولۇقلىيالامسىز؟

$6y = 24$

تەڭلىمىنى يېشىش:

$x \div 8 = 7$

تەڭلىمىنى يېشىش:

$x \div 8 \times 8 = 7 \bigcirc \square$

$x = \square$

## بىلىۋېلىڭ

تۆۋەندىكى بىرنەچچە قېلىپ ئارقىلىق تەڭلىمىنى يېشىشنىڭ ئاسان ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋېلىڭ. مەسىلىغا ئاساسەن قالغان قېلىپلارغا بىردىن مىسال كەلتۈرۈپ ئىشلەپ بېقىڭ:

$\blacktriangle + x = \blacksquare$ → $5 + x = 15$

$x = \blacksquare - \blacktriangle$ → $x = 15 - 5$

$x = 10$

$x + \blacktriangle = \blacksquare$ → $x + 8 = 10$

$x = \blacksquare - \blacktriangle$ → $x = 10 - 8$

$x = 2$

$x \div \blacktriangle = \blacksquare$

$x = \blacksquare \times \blacktriangle$

$\blacktriangle \div x = \blacksquare$

$x = \blacktriangle \div \blacksquare$

$x \times \blacktriangle = \blacksquare$

$x = \blacksquare \div \blacktriangle$

$\blacktriangle \times x = \blacksquare$

$x = \blacksquare \div \blacktriangle$

$x - \blacktriangle = \blacksquare$

$x = \blacksquare + \blacktriangle$

$\blacktriangle - x = \blacksquare$

$x = \blacktriangle - \blacksquare$

### ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

تەڭلىمىلەرنى يېشىڭ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| $16 + y = 61$ | $81 \div x = 9$ | $7y = 42$ | $x + 9 = 15$ |
| $40x = 400$ | $x \times 8 = 16$ | $y - 56 = 1000$ | $45 - y = 10$ |

**6**

بۆگۈن قاناس كۆلى توسمىسىنىڭ سۇ ئورنى 15.78 مېتىرغا يېتىپ، ئاگاھلاندۇرۇش سۇ ئورنىدىن 1.23 مېتىر ئېشىپ كەتكەن بولسا، ئاگاھلاندۇرۇش سۇ ئورنى قانچە مېتىر؟







بۆگۈنكى سۇ ئورنى = ئاشقان قىسمى + ئاگاھلاندۇرۇش ئورنى

$$x + 1.23 = 15.78$$
$$x + 1.23 - 1.23 = 15.78 - 1.23$$
$$x = 14.55$$

جاۋابى: ئاگاھلاندۇرۇش سۇ ئورنى 14.55 مېتىر.

**7**



سىز سۇ تېمىپ تۇرىدىغان بىر دانە جۈمەكتىن مىنۇتىغا قانچىلىك سۇ ئىسراپ بولىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟



بىر چېلەكنى يېرىم سائەت قويۇپ، جەمئىي 1.2 كىلوگرام سۇ ئالدۇق.



سۇ تېمىپ تۇرىدىغان بۇ جۈمەكتىن مىنۇتىغا x گرام سۇ ئىسراپ بولىدۇ دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

**يېرىم سائەتتە تامغان سۇ = 30 × ھەربىر مىنۇتتا تامغان سۇ**

$$1.2\ kg = 1200\ g$$

$$30x = 1200$$

$$x = 1200 \div 30$$

$$x = _____$$

جاۋابى: سۇ تېمىپ تۇرىدىغان جۈمەكتىن مىنۇتىغا ________گرام سۇ ئىسراپ بولىدۇ.

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

كامىلنىڭ ھازىرقى بويى ئېگىزلىكى 1.75m، ئۇ ئۆتكەن يىلدىكىدىن 7cm ئۆسكەن بولسا، كامىلنىڭ ئۆتكەن يىلدىكى بويى ئېگىزلىكى قانچە؟

# كۆنۈكمە

1. تۆۋەندىكى قايسى ئىپادىلەر تەڭلىمە بولىدۇ؟

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| $12 - x = 8$ | $a + 7 > b + 8$ | $8 - 1.5 = 6.5$ | $4 \div r$ | $6x$ |
| $3 \times 9.1 = 27.3$ | $6.4 \div 8 = 0.8$ | $2.5 \div k > 1.2$ | $x + 7y = 10.1$ | |

2. رەسىمگە قاراپ تەڭلىمە تۈزەلەمسىز؟




____________________




سۇنىڭ ئېغىرلىقى 220 گرام،
بوتۇلكىنىڭ ئېغىرلىقى x گرام.

____________________

3. تۆۋەندىكى مەسىلىلەرگە مۇناسىپ تەڭلىمە تۈزۈپ ھېسابلاڭ:

(1) ئۆكسىنىڭ بوي ئېگىزلىكى x سانتىمېتىر، ئاكىسى 153 سانتىمېتىر، ئۆكسى ئاكىسىدىن 8 سانتىمېتىر پاكار.

(2) ھۆزەيفە y ياش، ئۇ دادىسى بىلەن 24 ياش پەرق قىلىدۇ. دادىسى بۇ يىل 42 ياشقا كىردى.

(3) داۋۇد ئاكا b تال كەمپۈتنى 32 بالىغا بۆلۈپ بەرگەندە ھەربىر بالىغا 4 تالدىن تېگىپ، دەل تۈگەيدۇ.

(4) كۆرەش ھەر كۈنى s كىلومېتىر يۈگۈرسە، ئۇ بىر ھەپتىدە 17.5 كىلومېتىر يۈگۈرىدۇ.

4. تىرناق ئىچىدىكى x نىڭ قايسى قىممىتى تەڭلىمىنىڭ يېشىمى بولىدۇ؟

| | |
|---|---|
| $x + 74 = 98$ | $(x = 24,\ x = 42,\ x = 172)$ |
| $63 - x = 52$ | $(x = 15,\ x = 115,\ x = 11)$ |
| $6 \div x = 1.2$ | $(x = 7.2,\ x = 0.2,\ x = 5)$ |
| $x \times 3 = 2.7$ | $(x = 8.1,\ x = 0.9,\ x = 9)$ |

5. تۆۋەندىكى تەڭلىمىلەرنى يېشىڭ ۋە تەكشۈرۈڭ:

| | | |
|---|---|---|
| $x + 5.8 = 94.3$ | $56 \div x = 0.08$ | $15.68 - x = 2.0201$ |
| $x \times 0.2 = 4.08$ | $x - 8.62 = 1.258$ | $63.4 + x = 154.2$ |
| $3x = 0.024$ | $x \div 2.25 = 100.1$ | $0.0002 \times x = 1000$ |

6. بېرىلگەن مەسىلىدىكى سانلىق مىقدارلار مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن تەڭلىمە تۈزۈڭ ھەمدە تەڭلىمىنىڭ يېشىمىنى تېپىڭ.












7. ھېسابلىماستىن، تۆۋەندە بېرىلگەن ھەربىر گۇرۇپپا تەڭلىمىدىكى ئەڭ چوڭ سانلىق قىممەتنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپنى قورشاڭ:

| | |
|---|---|
| $a-2=24$ | $b-3=24$ |
| $c-4=24$ | $d-5=24$ |

| | |
|---|---|
| $a+2=24$ | $b+3=24$ |
| $c+4=24$ | $d+5=24$ |

| | |
|---|---|
| $a\div 2=24$ | $b\div 3=24$ |
| $c\div 4=24$ | $d\div 5=24$ |

| | |
|---|---|
| $2a=24$ | $3b=24$ |
| $4c=24$ | $5d=24$ |

8. بىر مىنۇتتا يەرشارىدا تەخمىنەن 140 بوۋاق تۇغۇلسا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن سېكۇنتىغا تەخمىنەن قانچە بوۋاق تۇغۇلىدۇ؟

9. ھەربىر كۋادرات مېتىر كەڭ يوپۇرماقلىق ئورمانلىق كۈنىگە 75g ئوكسىگېن ئىشلەپچىقىرىدىغان بولۇپ، بۇ ھەربىر كۋادرات مېتىر چىملىق كۈنىگە ئىشلەپچىقىرىدىغان ئوكسىگېننىڭ 5 ھەسسىسىگە تەڭ. ئۇنداقتا ھەربىر كۋادرات مېتىر چىملىق كۈنىگە قانچە گرام ئوكسىگېن ئىشلەپچىقىرىدۇ؟

## مۇرەككەپرەك تەڭلىمىلەرنى يېشىش

**1**

ئاق رەڭلىك خۇرۇم پارچىسىدىن 20 پارچە بار، بۇ قارا رەڭلىك خۇرۇم پارچىسىنىڭ 2 ھەسسىسىدىن 4 پارچە ئاز.

جەمئىي قانچە پارچە قارا رەڭلىك خۇرۇم پارچىسى بار؟



پۇتبولدىكى قارا رەڭلىك خۇرۇم پارچىسىنىڭ ھەممىسى بەش تەرەپلىك، ئاق رەڭلىك خۇرۇم پارچىسىنىڭ ھەممىسى ئالتە تەرەپلىك.

**يېشىش: جەمئىي x دانە قارا رەڭلىك خۇرۇم پارچىسى بار دەپ پەرەز قىلايلى.**

**ئاق رەڭلىك خۇرۇم پارچىسىنىڭ سانى = 4 − 2 × قارا رەڭلىك خۇرۇم پارچىسىنىڭ سانى**

$$2x - 4 = 20$$



بۇ تەڭلىمىنى قانداق يېشىش كېرەك؟




ئاۋۋال 2x نى بىر پۈتۈن گەۋدە دەپ قارايمىز، ئاندىن x نى تاپىمىز. تەڭلىمىنى يېشىپ بولغاندىن كېيىن تەكشۈرۈشنى ئۇنتۇماڭ.

**جاۋابى: جەمئىي ______ پارچە قارا رەڭلىك خورۇم پارچىسى بار.**

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

**1. تۆۋەندىكى تەڭلىمىلەرنى يېشىڭ:**

$99 - 4x = 19$ $\quad 3x - 5.8 = 9.5$ $\quad 2x + 70 = 210$

$4x + 5x = 81$ $\quad 8 \times 9 + 6x = 192$ $\quad 7.9 + 5x = 41.4$



**2.** بۇ بىنانىڭ ئېگىزلىكى 50m بولۇپ، بىرىنچى قەۋەتتە دۇكان قىلىنىدۇ. بىرىنچى قەۋەتنىڭ ئېگىزلىكى 5 مېتىر بولۇپ، ئۈستىدىكى 15 قەۋەتنىڭ ھەممىسى ئولتۇراق ئۆي. ئولتۇراق ئۆينىڭ ھەربىر قەۋەتنىڭ ئېگىزلىكى قانچە مېتىر؟

**.3** قاپلان دۇنيادىكى ئەڭ تېز يۈگۈرىدىغان هايۋان، ئۇنىڭ سائەتلىك تېزلىكى 110km غا يېتىدىغان بولۇپ، پىلنىڭكىنىڭ 2 ھەسسىسىدىن يەنە 30km كۆپ بولسا، پىل ئەڭ تېز بولغاندا سائىتىگە قانچە كىلومېتىر يۈگۈرىدۇ؟




**.4** دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ قىتئە ئاسىيا قىتئەسى بولۇپ، يەر مەيدانى تەخمىنەن 44 مىليون كۋادرات كىلومېتىر. ئەڭ كىچىك قىتئە ئوكيانىيە قىتئەسى بولۇپ، ئاسىيا قىتئەسىنىڭ يەر مەيدانى ئوكيانىيە قىتئەسىنىڭ يەر مەيدانىنىڭ 4 ھەسسىسىدىن يەنە 8 مىليون 120 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كۆپ بولسا، ئوكيانىيە قىتئەسىنىڭ يەر مەيدانى قانچە كۋادرات كىلومېتىر؟

**.5** ئاقيول كېمە ياساش زاۋۇتى بۇ يىل ياسىغان يۈك توشۇش پاراخوتىنىڭ يۈك كۆتۈرۈشچانلىقى 28000 توننا بولۇپ، بۇ ئۆتكەن يىلدىكى يۈك توشۇش پاراخوتىنىڭ 9 ھەسسىسىدىن 1000 توننا كۆپ. ئۇنداقتا ئۆتكەن يىلدىكى يۈك توشۇش پاراخوتىنىڭ يۈك كۆتۈرۈشچانلىقى قانچە توننا؟





.6 قۇياش سىستېمىسىدىكى توققۇز پلانېتنىڭ ئىچىدە قۇياشقا ئەڭ يېقىن بولغىنى مېركۇرىي. يەر شارىنىڭ قۇياشنى بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىشىغا 365 كۈن كېتىدۇ، بۇ مېركۇرىينىڭ قۇياشنى بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىشىغا كېتىدىغان ۋاقىتنىڭ 4 ھەسسىسىدىن يەنە 13 كۈن كۆپ بولسا، مېركۇرىينىڭ قۇياشنى بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىشىغا قانچە كۈن كېتىدۇ؟

.7 a قانچىگە تەڭ بولغاندا، تۆۋەندىكى ئىپادىنىڭ نەتىجىسى 0 بولىدۇ؟
a قانچىگە تەڭ بولغاندا، تۆۋەندىكى ئىپادىنىڭ نەتىجىسى 1 بولىدۇ؟

$$(36 - 4a) \div 8$$

# تېپىپ بېقىڭ

سول تەرەپتە بېرىلگەن تىك شەكىللىك ئىپادىدىكى c, k, p, s لارنىڭ ھەربىرى قايسى ساننى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى تېپىڭ.

```
   c p k s
+  k p c p
----------
 p p k p p
```

2




مۇھسىن ئالما ۋە نەشپۈتتىن 2 كىلوگرامدىن سېتىۋالغان بولۇپ، جەمئىي 1.78 دوللار خەجلىگەن. ئۇنداقتا ئالمىنىڭ ھەربىر كىلوگرامى قانچە دوللار؟

يېشىش: ئالمىنىڭ ھەربىر كىلوگرامىنى x دوللار دەپ پەرەز قىلساق:

ئومۇمىي باھاسى = نەشپۈتنىڭ ئومۇمىي باھاسى + ئالمىنىڭ ئومۇمىي باھاسى

$$2x + 2 \times 0.48 = 1.78$$

ئۆزىڭىز يېشىپ بېقىڭ.



يەنە مۇنداق ئويلاشقىمۇ بولىدۇ:

ئومۇمىي باھاسى = 2 × ئىككى خىل مېۋىنىڭ يەككە باھاسىنىڭ يىغىندىسى

$$(0.48 + x) \times 2 = 1.78$$
$$(0.48 + x) \times 2 \div 2 = 1.78 \div 2$$
$$(0.48 + x) = 0.89$$

نىمىنى بىر پۈتۈن گەۋدە دەپ قارايمىز؟

ئۆزىڭىز تاماملاڭ.



جاۋابى: ________________________________.

**3**

يەرشارىنىڭ سىرتقى يۈزى 510 مىليون كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دېڭىز- ئوكياناللارنىڭ يۈزى قۇرۇقلۇق يەر مەيدانىنىڭ تەخمىنەن 2.4 ھەسسىسىگە توغرا كەلسە، يەر شارىدىكى دېڭىز- ئوكياناللارنىڭ يۈزى بىلەن قۇرۇقلۇق مەيدانى ئايرىم- ئايرىم قانچە مىليون كۋادرات كىلومېتىر؟



يېشىش: قۇرۇقلۇق يەر مەيدانىنى x مىليون كۋادرات كىلومېتىر دەپ پەرەز قىلايلى. ئۇنداقتا دېڭىز- ئوكياناللارنىڭ يۈزىنى 2.4x مىليون كۋادرات كىلومېتىر قىلىپ ئىپادىلەشكە بولىدۇ.

يەرشارىنىڭ سىرتقى يۈزى = قۇرۇقلۇق يەر مەيدانى + دېڭىز- ئوكياناللارنىڭ يۈزى

$$2.4x + x = 510$$
$$(2.4 + 1)x = 510$$
$$3.4x = 510$$
$$x = 510 \div 3.4$$
$$x = 150$$

قايسى ھېسابلاش قانۇنى قوللىنىلغان؟

قۇرۇقلۇق يەر مەيدانى 150 مىليون كۋادرات كىلومېتىر، دېڭىز- ئوكياناللارنىڭ يۈزىچۇ؟






جاۋابى: ______________________________.

## كۆنۈكمە

**1. بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭ.**

(1) نورمال ئادەمنىڭ قەدىمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى شۇ ئادەمنىڭ بوي ئېگىزلىكىنىڭ 0.143 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. بوي ئېگىزلىكىنى a مېتىر دېسەك، ئۇ ھالدا قەدىمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ______ مېتىر بولىدۇ.

(2) تۆۋەندىكى رەسىمدە تەڭ تەرەپلىك ئۈچبۇلۇڭ بىلەن كۋادرات بىرىكتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ بىرىكتۈرۈلگەن شەكىلنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى ______.




(3) ئاپېلسىن بىلەن ئۆرۈكنىڭ كىلوسىنىڭ باھاسى ئايرىم- ئايرىم ھالدا 1.02 دوللار ۋە 0.75 دوللار بولۇپ، x كىلوگرام ئاپېلسىن بىلەن y كىلوگرام ئۆرۈك سېتىلسا، جەمئىي ______ دوللار كىرىم قىلىنىدۇ.

## 2. تەڭلىمىنى يېشىڭ.

$2(5.12 - x) = 6.32$　　$5(x - 2.89) = 10$

$(x + 5.2) \div 2 = 7.51$　　$3(8.45 - x) = 6.9$

$9x - 3x = 18.6$　　$60.5 \div (x + 20) = 7.025$

## 3. رەسىمگە قاراپ تەڭلىمە تۈزۈپ ھېسابلاڭ.










## 4. چۈشتىن بۇرۇن 3 قېتىم توشۇدى، چۈشتىن كېيىن قانچە قېتىم توشۇسا ئاندىن توشۇپ بولىدۇ؟



### 5. تەڭلىمىنى يېشىڭ.

$x + 5x = 4.8$ $\quad$ $8.7x - 4.2x = 45$ $\quad$ $9x - 6x = 0.27$

$9.3x + 0.7x = 91.5$ $\quad$ $x - 0.75x = 16$ $\quad$ $8x = 100$

$3(x + 3.3) = 12.51$ $\quad$ $4.3x + 5.6x = 9$ $\quad$ $x \div 9 = 0.6$

### 6. ماس كېلىدىغانلىرىنى تۇتاشتۇرۇڭ.










$20 + 2x = 50$ $\quad$ $2x + 25 = 55$ $\quad$ $25 \times x = 55$ $\quad$ $3x + 20 = 50$ $\quad$ $3x + 4 = 40$

**7.** توخۇ بىلەن توشقاننىڭ سانى ئوخشاش، پۇتلىرىنىڭ سانى 48 بولسا، توخۇ ۋە توشقان ئايرىم ـ ئايرىم قانچە؟

**8.** تۆۋەندىكى ئىككى كاتەكچە ئىچىگە ئوخشاش سان تولدۇرۇڭ، نەتىجىدە تەڭلىمە كۈچكە ئىگە بولسۇن.

$24 \times \square - \square \times 15 = 18$

**9.** رەسىمگە قاراپ تەڭلىمە تۈزۈڭ ھەمدە تەڭلىمىنىڭ يېشىمىنى تېپىڭ.



# كۆپ تەرەپلىكنىڭ يۈزى

بىز بۇرۇن تۆت تەرەپلىكلەردىن تىك تۆتبۇلۇڭ ۋە كۋادراتنىڭ يۈزىنى تېپىشنى ئۆگىنىپ بولغان ئىدۇق. ئەمدى باشقا كۆپ تەرەپلىكلەرنىڭ يۈزىنى تاپايلى.




بىرىكتۈرۈپ چىقىلغان تىك تۆتبۇلۇڭ بىلەن ئەسلىدىكى پاراللېل تۆت تەرەپلىكنى كۆزىتىڭ، نېمىنى بايقىدىڭىز؟

پاراللېل تۆت تەرەپلىكنىڭ يۈزى = ______×______

پاراللېل تۆت تەرەپلىكنىڭ يۈزىنى قانداق تېپىش كېرەكلىكىنى بىلىۋالدىڭىزمۇ؟



ئەگەر S ئارقىلىق پاراللېل تۆت تەرەپلىكنىڭ يۈزىنى، a ئارقىلىق پاراللېل تۆت تەرەپلىكنىڭ ئاساسىنى، h ئارقىلىق پاراللېل تۆت تەرەپلىكنىڭ ئېگىزلىكىنى ئىپادىلىسەك، بۇ حالدا پاراللېل تۆت تەرەپلىكنىڭ يۈزىنى تېپىش فورمۇلاسى مۇنداق بولىدۇ:

$$S = a \times h$$

1



پاراللېل تۆت تەرەپلىك شەكىللىك سۇ ئۈزۈش كۆلچىكىنىڭ ئاساسى 7 مېتىر، ئېگىزلىكى 5 مېتىر بولسا، ئۇنىڭ يۈزى قانچە كۋادرات مېتىر بولىدۇ؟

بېرىلگىنى: $a = 7\ m$، $h = 5\ m$؛ تەلەپ: $S = ?$

يېشىش:

$$S = a \times h = 7 \times 5 = 35\ (m^2)$$

جاۋابى: ئۇنىڭ يۈزى 35 كۋادرات مېتىر بولىدۇ.

مەسىلىنىڭ ئاچقۇچلۇق يېرىنى ئايرىپ چىقىۋالساق، مەسىلىنى ھەل قىلىش ئاسان ۋە تەرتىپلىك بولىدۇ.



## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

1. پاراللېل تۆت تەرەپلىك شەكىللىك بىر پارچە گۈللۈكنىڭ ئاساسى 4 مېتىر، ئېگىزلىكى 3 مېتىر بولسا، بۇ گۈللۈكنىڭ يۈزى قانچە كۋادرات مېتىر؟



**2. پاراللېل تۆت تەرەپلىكنىڭ ئېگىزلىكى قانچە؟**




**3.**

تۆۋەندىكى ئىككى پاراللېل تۆت تەرەپلىكنىڭ يۈزلىرى تەڭمۇ؟ ئۇلارنىڭ يۈزلىرى ئايرىم-ئايرىم قانچە كۋادرات مېتىر؟




**4.**

تۆۋەندىكى كۋادراتنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 36 مېتىر بولۇپ، سىز پاراللېل تۆت تەرەپلىكنىڭ يۈزىنى تاپالامسىز؟



**5.** تۆۋەندىكى بېرىلگەن سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسەن ئۈچبۇلۇڭلارنىڭ يۈزىنى ھېسابلاڭ.




## ئۈچبۇلۇڭنىڭ يۈزى




ئۈچبۇلۇڭنىڭ يۈزى = ____________________

ئەگەر S ئارقىلىق ئۈچبۇلۇڭنىڭ يۈزىنى، a ئارقىلىق ئۈچبۇلۇڭنىڭ ئاساسىنى، h ئارقىلىق ئۈچبۇلۇڭنىڭ ئېگىزلىكىنى ئىپادىلىسەك، بۇ ھالدا ئۈچبۇلۇڭنىڭ يۈزىنى تېپىش فورمۇلاسى مۇنداق بولىدۇ:

$S = a \times h \div 2$
مۇنداق يېزىشقىمۇ بولىدۇ :
$S = ah \div 2$

**2**



ئۈچبۇلۇڭ شەكىللىك بىر پارچە چىملىقنىڭ ئاساسى 4 مېتىر، ئېگىزلىكى 5 مېتىر بولسا، بۇ چىملىقنىڭ يۈزى قانچە كۋادرات مېتىر بولىدۇ؟

بېرىلگىنى: $a = 4$ m، $h = 5$ m؛ تەلەپ: $S = ?$

يېشىش:

$$S = a \times h \div 2 = 4 \times 5 \div 2 = 10\ (m^2)$$

جاۋابى: ئۇنىڭ يۈزى 10 كۋادرات مېتىر بولىدۇ.

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

**1.** رەسىمدىكى ئۈچبۇلۇڭلۇق سىزغۇچنىڭ يۈزى قانچە؟




**2.** يۈزى بېرىلگەن بۇ ئۈچبۇلۇڭنىڭ ئاساسى قانچە سانتىمېتىر؟



**.3** سىز تۆۋەندىكى قاتناش يول بەلگىلىرىنى بىلەمسىز؟ بىر يول بەلگىسى تاختىسىنىڭ يۈزى تەخمىنەن قانچە كۋادرات مېتىر؟




**.4** تۆۋەندىكى ئۈچبۇلۇڭلارنىڭ يۈزىنى ھېسابلاڭ، نېمىنى بايقىدىڭىز؟




**.5** بىر دانە ئۈچبۇلۇڭنى ئۆزئارا تەڭ بولغان تۆت دانە ئۈچبۇلۇڭغا بۆلۈشتە قانداق بۆلۈش كېرەك؟ قانچە خىل ئۇسۇل بار؟



**.6** بېرىلگەن سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسەن ئۈچبۇلۇڭلارنىڭ يۈزىنى ھېسابلاڭ.



## تراپېتسىيىنىڭ يۈزى




**تراپېتسىيە شەكىللىك بىر ئورمانلىق بار بولۇپ، بۇ ئورمانلىقنىڭ يۈزىنى قانداق ھېسابلاش كېرەك؟**









ئىككى دانە ئوخشاش تراپېتسىيىنى بىرىكتۈرسەك بىر پاراللېل تۆت تەرەپلىك ھاسىل بولىدىكەن. پاراللېل تۆت تەرەپلىكنىڭ يۈزى بىلەن تراپېتسىيىنىڭ يۈزى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تاپساقلا تراپېتسىيىنىڭ يۈزىنى تېپىش فورمۇلاسى چىقىدۇ.

تراپېتسىيىنىڭ يۈزى = ________________

ئەگەر S ئارقىلىق تراپېتسىيىنىڭ يۈزىنى، a ئارقىلىق تراپېتسىيىنىڭ ئۈستۈنكى ئاساسىنى، b ئارقىلىق تراپېتسىيىنىڭ ئاستىنقى ئاساسىنى، h ئارقىلىق تراپېتسىيىنىڭ ئېگىزلىكىنى ئىپادىلىسەك، بۇ ھالدا تراپېتسىيىنىڭ يۈزىنى تېپىش فورمۇلاسى مۇنداق بولىدۇ:

S = ________

3

بۇ ئورمانلىقنىڭ يۈزىنى تاپايلى:

بېرىلگىنى: a = 145 m، b = 65 m، h = 200 m؛ تەلەپ: S = ?

يېشىش:

$$S = (a + b) \times h \div 2 = (145 + 65) \times 200 \div 2 = 21000\ (m^2)$$

جاۋابى: ئۇنىڭ يۈزى 21000 كۋادرات مېتىر بولىدۇ.

## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

**1.** بېرىلگەن سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسەن تراپېتسىيەلەرنىڭ يۈزىنى ھېسابلاڭ.










**2.** يۈزى بېرىلگەن بۇ تراپېتسىيىنىڭ ئېگىزلىكى قانچە سانتىمېتىر؟




**3.** تۆۋەندىكى تراپېتسىيەلەرنىڭ يۈزىنى ھېسابلاڭ، نېمىنى بايقىدىڭىز؟



## بىرىكمە شەكىللەرنىڭ يۈزى





**4**

سول تەرەپتىكى رەسىمدە كۆرسىتىلگىنى بىر ئۆينىڭ يان تىمىنىڭ شەكلى. ئۇنىڭ يۈزى قانچە كۋادرات مېتىر؟




بۇ بىر كۋادرات بىلەن ئۈچبۇلۇڭنىڭ بىرىكمىسىكەن.

ئوخشاش ئىككى تراپېتسىيىنىڭ بىرىكمىسى دېيىشكىمۇ بولىدىكەن.





مېنىڭ ئىشلەش ئۇسۇلۇم:

$4 \times 4 + 4 \times 2 \div 2$

= ________________

= ________________

مېنىڭ ئىشلەش ئۇسۇلۇم:

________________

= ________________

= ________________



## ئۆزۈم ئىشلەپ باقاي

**1.** بوستان باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ بىر چىملىقى بولۇپ، شەكلى تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك. بۇ چىملىقنىڭ يۈزى قانچە كۋادرات مېتىر؟




**2.** تۆۋەندىكى شەكىلنىڭ يۈزىنى ھېسابلاڭ. سىز قانچە خىل ئۇسۇلنى ئويلاپ چىقالايسىز؟




تۆۋەندىكى شەكىللەرنىڭ يۈزىنى ھېسابلاش فورمۇلاسىنى يېزىپ بېقىڭ:



# كۆنۈكمە

1. جەدۋەل تولدۇرۇڭ.

| شەكىل نامى | ئاساسى (cm) | ئېگىزلىكى (cm) | يۈزى ($cm^2$) |
|---|---|---|---|
| پاراللېل تۆت تەرەپلىك | 94 | 66 | |
| | 478 | 97 | |
| ئۈچبۇلۇڭ | 56 | 23 | |
| | 145 | 78 | |
| تراپېتسىيە | ئۈستۈنكى ئاساسى 35 ئاستىنقى ئاساسى 47 | 4 | |
| | ئۈستۈنكى ئاساسى 8 ئاستىنقى ئاساسى 16 | 9 | |

2. مەلۇم بىر پاراللېل تۆت تەرەپلىك شەكىللىك ئوتلاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەڭلىكى 2 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 10 مېتىر كېلىدىغان بىر يول بار. ئۇنداقتا ئوتلاقنىڭ يۈزى قانچە؟




3. تۆۋەندىكى شەكىللەرنىڭ يۈزىنى تېپىڭ.(بىرلىكى: cm)






4. مەلۇم بىر ياتاق بىناسىنىڭ 40 دانە ئىشىكىنى سىرلىماقچى. ئىشىكنىڭ شەكلى سول تەرەپتىكى رەسىمدىكىدەك.

(1) ئىشىكنىڭ سىرلاشقا بولىدىغان يۈزى قانچە؟

(2) ھەربىر كۋادرات سانتىمېتىر يەرگە 0.2 دوللار كەتسە، بۇ بىنانىڭ ھەممە ئىشىكىنى سىرلاش ئۈچۈن قانچە دوللار خەجلەيدۇ؟

5. بىر دانە كومبايىننىڭ ئورۇش كەڭلىكى 2 مېتىر بولۇپ، سائىتىگە بەش كىلومېتىر ئورۇپ بولسا، تەخمىنەن قانچە سائەتتە تۆۋەندىكى بۇغدايلىقنى ئورۇپ بولالايدۇ؟






6. تۆۋەندىكى شەكىللەرنىڭ بويالغان قىسمىنىڭ يۈزىنى تېپىڭ. (بىرلىكى: cm)



# ئومۇمىي تەكرار






**بۇ قىسىمدىكى مەزمۇنلارنى پىششىق ئىگىلىيەلىدىڭىزمۇ؟ ئۆزىڭىزنى سىناپ بېقىڭ.**

### 1. تۆۋەندىكىلەرنى ھېسابلاڭ ۋە سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ:

| | |
|---|---|
| $28 \div 7 =$ ______ | $56 \times 4 =$ ______ |
| $2.8 \div 7 =$ ______ | $5.6 \times 4 =$ ______ |
| $2.8 \div 0.7 =$ ______ | $5.6 \times 0.4 =$ ______ |
| $2.8 \div 0.07 =$ ______ | $5.6 \times 0.04 =$ ______ |

(1) ئونلۇق كەسىرلەرنى كۆپەيتىش، بۆلۈش ئۇسۇلى بىلەن پۈتۈن سانلارنى كۆپەيتىش، بۆلۈشنىڭ قانداق ئوخشاشلىقى ۋە ئوخشىماسلىقى بار؟

(2) ئونلۇق كەسىرلەرنى كۆپەيتىش ۋە بۆلۈشتە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

### 2. تۆۋەندىكى مىساللارنى ھېسابلاڭ.

| | |
|---|---|
| $31.12 \times 5.54 - 9.32$ | $2.3 \times 14.5 + 0.23$ |
| $0.32 \times 26.47 + 8.65$ | $6.15 \times 8.01 \div 0.78$ |
| $(9.987 + 5.3 \times 0.94) \div 0.16$ | $16.7 - 20.31 \div 4.8$ |

3. نۇر سېكۇنتتىغا 300 مىڭ كىلومېتىر تارقىلىدۇ، بۇ ئارىلىق تەخمىنەن يەر شارى ئېكۋاتور ئۇزۇنلۇقىنىڭ 7 ھەسسىسىدىن يەنە 20 مىڭ كىلومېتىر ئارتۇق بولسا، يەر شارى ئېكۋاتورىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن قانچە كىلومېتىر؟

4. بىر كېپىنەك 1 سائەتتە 7.8 كىلومېتىر ئۇچىدۇ. بىر ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئۇچۇش تېزلىكى بۇ كېپىنەكنىڭ 2.4 ھەسسىسىگە توغرا كەلسە، ھەسەل ھەرىسى بىر سائەتتە قانچە كىلومېتىر ئۇچىدۇ؟

### 5. تەڭلىمىنى يېشىڭ.

| | |
|---|---|
| $5\,(1.7803 + x) = 89.025$ | $4\,(x - 7.025) = 3.6$ |
| $(x + 9.3) \div 8 = 2.651$ | $6\,(2.84 - x) = 4.806$ |

**6.** (1) تۆۋەندىكى رەسىم قەغەزدىن كېسىپ چىقىرىلغان بىر تۈپ دەرەخ، ئۇنىڭ يۈزى قانچە؟ (بىرلىكى: cm)

(2) ئۇزۇنلۇقى 45cm، كەڭلىكى 21cm بولغان بىر ۋاراق قەغەزدىن پايدىلىنىپ، مۇشۇنداق دەرەختىن قانچە تۈپ كېسىۋېلىشقا بولىدۇ؟




**7.** تۆۋەندىكى ئايروپىلاننىڭ ئۈستۈنكى يۈزىنى كۆك رەڭ بىلەن سىرلاش زۆرۈر بولۇپ قالدى، ھەر كۋادرات مېتىرغا 20 دوللار كەتسە، 2600 دوللار يېتەمدۇ؟



8. دىلمۇراتنىڭ 6 ياشتىن 10 ياشقىچە بولغان بەدەن ئېغىرلىق جەدۋىلىگە ئاساسەن دىئاگرامما سىزىڭ ۋە نىمىنى بايقىغانلىقىڭىزنى ئېيتىپ بېقىڭ.

| يېشى | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 |
|---|---|---|---|---|---|
| ئېغىرلىقى (kg) | 17 | 19 | 22 | 25 | 30 |




9. تۆۋەندىكى مىساللارنى ھېسابلاڭ، نەتىجىنى ئىككى خانىلىق ئونلۇق كەسىرگىچە ئېلىڭ.

$65.42 \div 4.7$ $\quad$ $8.1682 \div 0.5$ $\quad$ $45.89 \times 23.74$

10. تۆۋەندىكىلەرنىڭ توغرا-خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىڭ.

(1) $a^2 > 2a$. ( )

(2) نامەلۇم سانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىپادە تەڭلىمە دەپ ئاتىلىدۇ. ( )

(3) $5x + 5 = 5(x + 1)$. ( )

(4) تەڭلىمە $3x - 6 = 18$ نىڭ يېشىمى 8. ( )




**11.** ئابدۇسالام بىلەن نۇرئەلى مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا ئايرىلىپ، 8 مىنۇتتىن كېيىن بىر لا ۋاقىتتا ئۆيلىرىگە يېتىپ بارغان. ئابدۇسالام ئوتتۇرا ھېساب بىلەن مىنۇتىغا 45m ماڭغان بولسا، نۇرئەلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن مىنۇتىغا قانچە مېتىر ماڭغان؟

**12.** تۆۋەندىكىسى بىر راكىتا مودېلىنىڭ تەكشىلىكتىكى شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭ يۈزىنى تېپىڭ.




**13.** مەسجىد ھويلىسىدا تىك تۆتبۇلۇڭ شەكىللىك بىر پارچە يەر بولۇپ، بۇ يەرگە قىزىلگۈل، سېرىقگۈل ۋە چىم ياتقۇزماقچى (تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك). سىز ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قىزىلگۈل، سېرىقگۈل ۋە چىملارنىڭ تېرىلغۇ مەيدانى (يۈزى) نى ھېسابلاپ چىقالامسىز؟




**14. تۆۋەندىكى مىساللارنى ھېسابلاڭ:**

| | | |
|---|---|---|
| $6.1 \times 18.9 + 6.1 \times 11.1$ | $41.25 \times 3.4$ | $2.354 + 1.78$ |
| $31.7 + 9.12 + 28.3 + 1.88$ | $46 - 5.47$ | $26.5 \div 15$ |

**15. تۆۋەندىكى تەڭلىمىلەرنى يېشىڭ:**

| | | |
|---|---|---|
| $8x - 0.7 = 48.7$ | $64.1 + 1.4x = 86.7$ | $x \div 2.31 = 0.6$ |

**16.** بىر ئاپتوموبىلنىڭ ئارقا ئەينىكىدە بىر پارچە تراپېتسىيە شەكىللىك يورۇقلۇق توسقۇچ بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستۈنكى ئاساسى 1m، ئاستىنقى ئاساسى 1.2m، ئېگىزلىكى 0.7m بولسا، ئۇنىڭ يۈزى قانچە؟



**17.** كاتەكچە ئىچىگە مۇۋاپىق سان تولدۇرۇڭ، نەتىجىدە ھەربىر تەڭلىمىنىڭ يېشىمى ئوخشاشلا $x = 5$ بولسۇن.

$x - \square = 2.3$ $\qquad$ $\square + x = 13$

$x \div \square = 5$ $\qquad$ $\square \times x = 7$


S = (a + b)h ÷ 2


S = a h


S = a h ÷ 2


بۇ قىسىمدا ئۆگەنگەن
مەزمۇنلار
ئونلۇق
كەسىر
3.4
× 0.6
2.04
0.35 | 19.60
S=ah÷2 S=(a+b)h÷2
S=ah
يۈز
(مەيدان)
نامەلۇم
سان
250g
100 + x = 250
ستاتىستىكا